ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

## ھۆنەر - كەسىپ ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# ھۈنەر ـ كەسىپ ھەققىدە

# ھېكمەتلەر


پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگۈچىلەر: ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت





شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

图书在版编目(CIP)数据

工艺格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978—7—80744—404—6

Ⅰ.工... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言—汇编—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 122114 号

丛 书 名 经典格言系列丛书
本册书名 工艺格言
策　　划 穆拉提·伊力
主　　编 阿迪力·穆罕默德
编　　者 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
阿依夏木古丽·阿尤甫
居来提·尼亚孜
贝丽克孜·穆罕默德
特约编辑 阿米娜·克奇克
责任编辑 艾尼瓦·库迪力克
责任校对 克尤木·吐尔逊
出　　版 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社
地　　址 830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新博文印刷有限责任公司
开　　本 880×1230mm 1/32
印　　张 3 印张
字　　数 51 千字
版　　次 2008 年 8 月第 1 版
印　　次 2008 年 8 月第 1 次印刷
书　　号 ISBN 978—7—80744—404—6
定　　价 9.90 元
(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە - پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالىتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگەكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

مېھنەت قىلغان چېغىڭدا، سەن خۇددى بىر نەيگە ئايلىنىسەنكى، يۈرىكىڭدىن ئۆرغۈپ چىققان سىرلىرىڭ مۇزىكىغا ئايلىنىدۇ.

جىبران: «مېھنەت» تىن

ئەگەر سۆيگۈ بولمىسا، ھەرقانداق خىزمەت مەنىسىزدۇر.

جىبران: «مېھنەت» تىن

قانداق قىلغىنىڭدا، قەلبىڭ مۇھەببەتكە تولۇپ ئىشلىگەن بولىسەن؟!

يۈرىكىڭدىن يىپەك سۇغۇرۇپ ئەتلەس توقۇ، ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىمنى خۇددى سۆيگىنىڭ كىيىدىغاندەك.

قىزغىنلىق بىلەن ئۆي ـ ئىمارەت سال، ئۇنىڭدا خۇددى سۆيگىنىڭ تۇرىدىغاندەك.



ئىللىقلىق بىلەن ئۇرۇق چاچ، ھوسۇلنى خۇشاللىق بىلەن ئوروپ يىغىۋال، خۇددى ئۇنىڭدىن سۆيگىنىڭ ئوزۇقلىنىدىغاندەك.

شۇ چاغدىلا، ئۆزۈڭ ئاپىرىدە قىلغان بارلىق نەرسىلىرىڭنى ئۆز روھىڭنىڭ تىنىقلىرى بىلەن سۇغارغان بولىسەن. جەننەتتىكى

www.uyghurkitap.com

پەرىشتىلەر بۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، ساڭا نەزەر سالىدۇ.

**جىبران: «مېھنەت» تىن**

ئەجىر —كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان مۇھەببەتتۇر.

**جىبران: «مېھنەت» تىن**

سېنىڭ خۇشاللىق بىلەن ئەمەس، بەلكى بىزار بولۇپ ئىشلىگىنىڭدىن ھېچ ئىش قىلمىغىنىڭ تۈزۈك. بىزار بولۇپ ئىشلىگىنىڭدىن كۆرە، مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرغىن ـ دە، خۇشاللىق بىلەن ئىشلىگۈچىلەردىن تىلىگىن.

**جىبران: «مېھنەت» تىن**

ئەگەر سەن قول ئۈچىدىلا نان ياقىدىغان ناۋاي بولساڭ، ياققان نېنىڭ بەتتەم بولىدۇ ـ دە، بىر ئادەمنىمۇ ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرالمايسەن.

**جىبران: «مېھنەت» تىن**



ئەگەر سەن مىننەت قىلىپ تۇرۇپ شىرنە چىقارساڭ، ئۇنداق شىرنەڭ زەھەر بولىدۇ.

**جىبران: «مېھنەت» تىن**

مۇبادا ئىلىم ـ سېنىمدا ئىنسانىي قەلب ۋە ئادىللىق

بولمايدىكەن، ئۇ هالدا بەزىلەر يالماۋۇزغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، بەزىلەر سارغىيىپ سامان بولىدۇ.

جىبران: «ئېلىم - سېتىم» دىن

بىكارتەلەپ كىشىلەرنى ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىڭلارغا ئارىلاشتۇرماڭلار، ئۇلار گەپدانلىق قىلىپ سىلەرنىڭ ئەمگىكىڭلارنى بۇلىۋالىدۇ. سىلەر ئاشۇنداق كىشىلەرگە: «بىز بىلەن بىللە ئېتىزلارغا بېرىڭلار ياكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىللە دېڭىزغا تور سېلىڭلار، چۈنكى دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇق سىلەر ۋە بىز ئۈچۈن ئوخشاشلا سېخىي» دەڭلار.

جىبران: «ئېلىم - سېتىم» دىن

ئۆز خىياللىرىنى ئالتۇن - كۈمۈشكە ئايلاندۇرغان ئادەم— ئەڭ بىچارە ئادەمدۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

جىددىيلىشىش، تىت - تىت بولۇش ۋە زىيادە چارچاپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ياخشى خىزمەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. بۇنداق خىزمەت ئادىتى تۆۋەندىكى تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، هازىر بىر تەرەپ قىلمايدىغان بارلىق هۆججەتلەرنى يىغىۋېلىش ئۈستەلدىن ئېلىۋېتىش.

ئىككىنچى، خىزمەت قىلغاندا مۇهىم ۋە مۇهىم ئەمەسلىرىنى، جىددىي ۋە جىددىي ئەمەسلىرىنى ئايرىپ، مۇهىملىرىنى ئالدىدا قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

ئۈچىنچى، مەسىلىگە يولۇققاندا ھەرگىز سۆرەلمىلىك قىلماي، كەسكىن قارارغا كېلىش.

تۆتىنچى، ھەممىگە چات كىرىۋالماسلىق، مۇھىمى ئازارەك قىلىش ھوقۇقىنى تۇتۇش.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مېنىڭ ئەزەلدىن ھەر خىل ھۆججەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن شىرەدە ئولتۇرۇپ ئىشلەش ئادىتىم يوق. جىددىي بىر تەرەپ قىلىنمايدىغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر چەتكە ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئىش بېجىرسەم كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

خىزمەت ئەڭ ياخشى تىنچلاندۇرۇش دورىسى.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئالدىراشچىلىقتا تاپقان چارە كۆپ ھاللاردا ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىر قارارغا كەلگەن ھامان ئىجرا قىلىش لازىم. بىر ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، كىشىلەرنىڭ خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جىددىيچىلىكنى ئۇنتۇپ ئارام ئېلىشى ۋاقىتلىق بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كىشىلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، توغرا، ھەل قىلغۇچ تەدبىر- لەرنى تۈزۈپ بولغان ھامان، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك، ئىشنى توختىتىپ قويۇپ يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا، ئارىسالدى بولۇشقا، قورقۇشقا بولمايدۇ، ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ، جاسارىتىنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئالدىمىدىن يولۋاس، كەينىمدىن بۆرە چىقىپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەسلىكمۇ بولمايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

باش قېتىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بىر- رەر ئىش تېپىپ قىلىش. بىرەر ئىش قىلىش ئۈچۈن پىلان تۈ- زۈشكە، مېڭىنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ - دە، ئۆتكەنكى ئا- زابلىق ئىشلارنى ئەسلەشكە تەبىئىيكى، ۋاقىت چىقمايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىز قىزىقارلىق بىر ئىشقا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىنتايىن روھلۇق ھالدا قاتنىشىش بىلەن بىر چاغدا، يەنە بىر كۆڭۈلسىز ئىش تۈپەيلى باشتىن - ئاخىر بىئارام بولۇپ يۈرەلمەي- مىز. ئادەمنىڭ كەيپىياتى بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



بىئاراملىقنىڭ ئازابىغا ئەڭ ئاسان ئۇچرايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قۇل بولىدىغان ۋاقىت كىشىلەرنىڭ خىزمەت ۋاقتى ئەمەس، بەلكى ئىشتىن چۈشكەن ۋاقتىدۇر.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئىشتىن چۈشكەندە ئادەمنىڭ پىكرى خۇددى يۈگەنسىز ئاتتەك بىر دەم تاغقا، بىردەم باغقا كېتىپ، قۇرۇق خىياللارغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ. سەللا مەيلىگە قويۇۋەتسە يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماي قالىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

غەمكىنلىك كېسىلىنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىجابىي خىزمەت بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كىشىلەر ئۆزلىرى ئورۇنداش شەرت بولغان ۋەزىپىگە تامامەن بېرىلىپ كەتكەندىلا، ئۆزىگە ئىشىنىشتىن ھاسىل بولغان مەمنۇنلۇق ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇش روھى ئېلىپ كەلگەن شادلىقلار ئۇلارنىڭ نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرالايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مۇبادا بىز غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالساق، شۇنى ئېسىمىزگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەككى، خىزمەت، پەقەت ئاشۇ ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك خىزمەتلا بۇ كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ ئەڭ شىپالىق رېتسېپى.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر بىز بىكارچىلىقتىن كۆپ بويى لاغايلاپ يۈرسەك، چوڭقۇر خىيال سۈرۈپلا ئولتۇرساق، كاللىمىزغا نۇرغۇن بىمەنە ئىش، بولمىغۇر خىياللار كىرىۋېلىشى مۇمكىن.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ھەقىقەتەن كارامەت ئىش، بىز ئادەملەرنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىمىز شۇنچە چوڭ بولىدىكەن! ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ نائىلاج بىر خىل يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىشقا مەجبۇر بولغىنىمىزدا، ئۆتكەنكى ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدىكەنمىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ يېپىشقاقلىقىدىن قۇتۇلۇش، رەقىبلەر پەيدا قىلغان بىئاراملىقنى ئۇنتۇپ كېتىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئۆزىمىزگە پايدىلىق بىرەر ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا بېرىلىپ كەتكەن ھامان، بىز دۇچ كەلگەن بىئاراملىق ۋە دۈشمەنلىكمۇ چاغلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

خەلقنىڭ سىزنى نېمىدەپ مەسخىرە قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرغىچە، مۇھىمى سەن ئۆزۈڭنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىڭنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشىڭ كېرەك.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



ئىشىڭىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ھېس قىلسىڭىزلا، خاتىرجەم بولۇپ دادىل ئىشلەۋېرىڭ. خەقنىڭ سۆز - چۆچەكى دېگەن دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. مەيلى ئۇنى قىلىڭ ياكى بۇنى قىلىڭ، خەق ھامان قول شىلتىپ تۇرىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

www.uyghurkitap.com

بىر كۈنلۈك خىزمەتتىكى ئاۋارىچىلىكلەرنى ئىشىكنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

يالغۇز مائاشقىلا تايانغان بىلەن ياخشى خادىملارنى تۇتۇپ قالغىلى بولمايدۇ، خىزمەتتىكى رىقابەت ۋە ئۆزىنى ئىپادىلەش پۇرسىتىلا ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

خىزمەتلەرنى تولۇق نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم رىقابەت پەيدا قىلىش كېرەك. مېنىڭ دەۋاتقىنىم پۇل تېپىشتىكى رەزىل ۋاستە ئەمەس، بەلكى باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئۈمىدنى قوزغىتىش.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

كىشىلەرنى خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ئامىلنىڭ بىرى خىزمەتنىڭ ئۆزى. ئەگەر خىزمەت ئادەمنى خۇشال قىلالىسا ۋە قىزىقارلىق بولسا، خىزمەتكە مەسئۇل كىشى تەشنالىق بىلەن ئىشلەيدۇ، يەنە كېلىپ خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

خادىملارنى خىزمەتتىن ھەيدەش كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەس، خىزمەتتىن ھەيدىلىش تېخىمۇ كۆڭۈلسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئەگەر بىر ياخشى ئىشچى ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويىدىغان ئىشچىغا ئايلىنىپ قالسا، قانداق قىلىسىز؟ سىز ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

سىز ئۇ ئىشچىنى ئەيىبلىشىڭىز مۇمكىن، بىراق بۇ ئۇسۇلىڭىز ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغاشتىن باشقا ئۇنۇم بەرمەيدۇ.

**دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن**

كەسىپ تاللاشقا كەلگەندە ياشلارنىڭ ھەممىسى قىمارۋاز بولىدۇ. ئۇلار پۈتۈن ھاياتىنى دو چىقىشى شەرت.

**دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن**

قانداق قىلغاندا ئۆزىڭىزنى كەسىپ تاللىغاندا زىيادە تەۋەككۇلچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويمايسىز؟ بۇنىڭ چارىسى بار. ئالدى بىلەن، ئۆزىڭىز قانائەتلەنگۈدەك، سىزگە خۇشاللىق بېغىشلىيالىغۇدەك خىزمەت تاللىشىڭىز لازىم. مەن بالۇن زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى داۋىت گوردىشتىن، بىر ئادەمنىڭ كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرت نېمە دەپ سورىسام، ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئۇ چوقۇم ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتتىن مەمنۇن بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئادەم خىزمەتتە خۇشاللىق ھېس قىلسا، بىر كۈندە ھەرقانچە ئۇزاق ئىشلىسىمۇ رازى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بۇ خىزمەتنى بىر خىل يۈك ئەمەس، بەلكى بىر خىل لەززەت ھېس قىلىدۇ.»

**دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن**

www.uyghurkitap.com

مۇۋاپىق خىزمەت ھەقىقەتەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقىڭىز تولۇپ تاشقان بولسا، كارامەت نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيسىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىر ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى زادى بىلمىسە، ئۇنىڭدا خىزمەتكە نىسبەتەن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقنىڭ بولۇشىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مېنىڭچە، دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىزلىك نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زادى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى قىلچە بىلمەسلىكىدىن ئارتۇق بولماس. ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار خىزمەتنى پۇل تېپىشنىڭلا ۋاستىسى قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



ناۋادا بىر كىشى ئۆزىگە كەسىپ تاللاشنى تەييار كىيىم - كېچەك دۇكىنىدىن بىر يۈرۈش كىيىم تاللاپ سېتىۋالغاندەك ئېلان سودىگىرى، ئاخبارات مۇخبىرى، ئوقۇتقۇچى، ئورمانچىلىق ئالىمى بولۇشنى قارار قىلغان بولسا، ئۆگىنىش ۋە چېنىقىش ئارقىلىق خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىقىپلا قالماي، بەلكى بۇ خىزمەتلەرگە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاپ قېلىشىغا ئىشىنىمەن.

ئەكسىچە، ئەگەر بوغالتىر، ئىنژېنېر، ساراي خوجايىنى، زاۋۇت جېڭلىسى، بىناكارلىق ئالىمى بولۇشنى ياكى ماشىنىسازلىق، تېخنىكا خاراكتېرىدىكى باشقا كەسىپلەرنى تاللىغان بولسام، قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئۆزۈمنى ئۆمۈر بويى بەختسىز ھېس قىلغان، ئاخىرىدا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان بولاتتىم.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

زىيادە چارچاپ كەتسە ئادەم ئۆلۈپ قالمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پىكرى بەك چېچىلاڭغۇ ۋە كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان بولغاچقا، ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنداق، كۈچ - قۇۋۋىتىڭىزنىڭ چېچىلىپ كېتىشى ۋە كۆڭلىڭىزنىڭ خاتىرجەم بولماسلىقى بېشىڭىزغا چىقىدۇ، چۈنكى سىزنىڭ خىزمىتىڭىز مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

قانائەتلىنەرلىك خىزمەت تاپالىغان ئادەملەر تەلەيلىك ئادەملەردۇر.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەقلىي ئەمگەكچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خىزمەت ھەرقانچە جاپالىق بولۇپ كەتسىمۇ ئۇلارنى چارچىتىۋەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى چارچىتىپ قويىدىغىنى ئادا بولمىغان خىزمەتتۇر.



دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كەيپىياتنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى خىزمەت ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىدىيىنىڭ رولى ھەقىقەتەن بەك چوڭ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئۆز - ئۆزىگە ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرلىك خىزمەت ئىشلەش بىزگە ئىشەنچ ۋە جاسارەت، كۈچ ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ، ئۇ بىزنى بەلكىم بىز دەسلەپتە ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەن خىزمەتلەرگە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندۇرار.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىق يەنە ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىدۇ ۋە بىزنى باش قېتىنچىلىقتىن خالاس قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ تۇرمۇشىمىزنى ھەسسىلەپ بەختلىك قىلىدۇ. بەلكىم بىز مۇشۇ سەۋەبتىن كەسپتە يەنە ئۆسۇشىمىز، كىرىمىمىزمۇ ئېشىشى مۇمكىن. خىزمەتكە قىزىقىش بىزنى ئاخىرقى ئىككى مەقسەتكە يەتكۈزەلمىسىمۇ، چارچاش دەرىجىمىزنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، بىزنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمىزدىن بەھرىمەن بولۇشقا تولۇق غەيرەتكە ئىگە قىلسىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ - ھە.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بەزىدە قارىماققا پايدىسىز كۆرۈنگەن ئىش، ئانچە مۇھىم بولمىغان ئىشقا ياكى ئارتۇقچىلىققا ئايلىنىدۇ.
دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن



ھەممىمىز باشقىلارنى ئۆز ئىشىمىز بىلەن زوقلاندۇرۇشقا، قايىل قىلىشقا تەشنامىز، يەنە كېلىپ شۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېچنېمىمىزنى ئايىمايمىز. لېكىن، بۇنداق سەمىمىيەتسىزلىككە ھېچكىم پەسەنت قىلمايدۇ.
دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

بىرەر ئىشنىڭ قىزىققۇدەك قىممىتى بار ـ يوقلۇقىنى بىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، ئۆزىدىن شۇ ئىشقا قىزىقىدىغان ـ قىزىقمايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىش.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

سىز بىرەر ئىش توغرىسىدا قانچە كۆپ بىلسىڭىز، ئۇنىڭغا بارغانچە قىزىقىسىز، ئاشىق بولىسىز.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

قىزغىنلىقنى ئىپادىلەش ئۆزىڭىز قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشقا ئۆزىڭىزنى تەبىئىي ھالدا قىزغىن قىلىۋېتىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئېپى كىتابنى تەپسىلىي ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش. خىزمەت، خىزمەت، خىزمەتلا ئەڭ مۇھىم.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

سىز ئۈمىد قىلغان ئىشنى باشقىلارغا خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن قىلدۇراي دېسىڭىز، شۇ كىشىگە ئۇنىڭ سىز ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈڭ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ئۈچۈنمۇ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

مۇنەۋۋەر رەھبەر تۆۋەندىكى پروگراممىلارنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىشى، كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى

ئۆزگەرتىش زۆرۈر تېپىلغاندا:

(1) سەمىمىي بولۇش، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ۋەدە بەرمەسلىكى، ئۆز مەنپەئىتىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىشى لازىم؛

(2) باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىشى لازىم؛

(3) باشقىلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇشى، باشقىلارغا زادى نېمە ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلىش لازىم؛

(4) ئەگەر باشقىلار رەھبەرنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىش قىلغاندا، قانداق نەپكە ئېرىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىشى كېرەك.

(5) شۇ نەپ بىلەن ئۇنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشى لازىم.

(6) رەھبەر ئۆز تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، باشقىلار قانداق نەپكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسۇن.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، سىز ئۆزىڭىز شۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش سالاھىيىتىگە ئىگىمەن دەپ قارالڭ، ئەگەر قوبۇل قىلىنىسىڭىز، ئۇ خىزمەتنى ناھايىتى ياخشى ئىشلەيمەن دەپ ھېس قىلىسىڭىز.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

خىزمەت ۋاقتىنى دائىم ئۆزگەرتىپ تۇرغاندا مېڭە چارچاپ كەتمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «ئۇلۇغ ئەربابلار» دىن

خىزمەت تەلەپ قىلغۇچىلار سادىر قىلىدىغان خاتالىق شۇكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەسلىي خىسلىتىنى ساقلىيالمايدۇ، ئۇلار ھامان ساڭا نېمە جاۋاب كېرەك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى توپتوغرا ئېيتالمايدۇ. لېكىن، مانا بۇ خاتالاشقانلىقتۇر.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئىش ئۇستىلى ئۇستىنى پاكىز رەتلەپ، كۆز ئالدىڭىزدىكى خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك نەرسىنىلا قويۇڭ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

جاۋاب يېزىشقا تېگىشلىك خەت ـ چەكلەر، دوكلاتلار ۋە ئەسلەتمىلەر قالايمىقان دۆۋىلىنىپ كەتكەن بىر ئۇستەل مۇقەررەر پاتىپاراقچىلىق، جىددىيلىك ۋە بىزارلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، دائىم «نۇرغۇن ئىش مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، بىراق بېجىرىشكە ۋاقتىم يوق» دەپ قايغۇرىدىغان كىشى جىددىيلىك، ھارغىنلىقلا ھېس قىلىدۇ، خالاس. يەنە كېلىپ، يۇقىرى قان بېسىمى، يۈرەك كېسىلى، ئاشقازان يارىسى كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئادەم ھەممىلا ۋاقىتتا ئىشنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە قىلىپ كېتەلمەيدۇ. لېكىن ماڭا ئايانكى، تەرتىپ بويىچە ئىش

قىلىش ئۇسۇلى ھامان خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىشتا قارىغاندا كۆپ ياخشى.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

كۆتۈپخانا ۋە تەجرىبىخانا خادىملىرى خىزمەتنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەچكە، ئۆزى ئۇچۇن پەرىشان بولۇپ يۈرمەيدۇ. تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردا روھىي جەھەتتىن خارابلىشىش ھادىسىسى كەم ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەندىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل «ھالاۋەت» تىن بەھرىمەن بولۇشقا ۋاقتى يوق.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ئىشلەش —ئۆزىنى ئالدىراشلىق ئىچىگە بەند قىلىش— روھىي كېسەلنى داۋالايدىغان ئەڭ ياخشى دورا.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

كۆپىنچە ئادەملەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، كۈندىلىك خىزمەتلەر بىلەن ئالدىراش ئۆتكەن چاغلاردا «خىزمەت ئىچىگە چۆكۈپ كېتىش» نەتىجىسىدە چوڭ مەسىلە كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن — ئارامچىلىقتىن ۋە شاد - خۇراملىقتىن بىمالال ھۇزۇرلىنىدىغان چاغدا — غەم -قايغۇنىڭ ئالۋاستىلىرى بىزگە ھۇجۇم باشلايدۇ. بۇنداق چاغلاردا بىز تۇرمۇشتا قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، ئىشلىرىمىز ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتىمۇ، يوق، بۈگۈن خوجايىن ئېيتقان ھېلىقى گەپنىڭ «بىرەر ئالاھىدە مەنىسى» بارمۇ، قانداق ياكى ھەممىدىن قۇرۇق قالغىلى تۇردۇقمۇ، نېمە، دېگەنلەرنى ئويلاشقا كىرىشىمىز.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان بەختەرلىك تۇيغۇسى، ئىچكى خاتىرجەملىك، خۇشاللىق تۇپەيلى ئاستا ئىنكاس قايتۇرىدىغان سېزىم ئىنسانلارنى پۈتۈن زېھنى بىلەن خىزمەتكە بېرىلگەن چاغدا روھىي جەھەتتىن تىنچلاندۇرىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

كەلسە ـ كەلمەس ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، ئۆزىمىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى ئۆزىمىز تېپىپ، ئۆزىمىزنى ئالدىراشلىق ئىچىگە بەند قىلغىنىمىزدىلا قېنىمىز توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدۇ، كاللىمىز ئۆتكۈرلىشىشكە باشلايدۇ. ئۆزىنى ئالدىراشلىق ئىچىگە بەند قىلىش — دۇنيا بويىچە ئەڭ ئەرزان ۋە ئەڭ ئوبدان دورا.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ئاۋۋال بارلىق پاكىتنى يىغىۋېلىپ ئاندىن تەھلىل قىلغاندا، ئىش كۆپ ئاسانلىشىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

17

—ۋاقىتنى تەقسىملىۋېلىش ناھايىتى ئوبدان ئۇسۇل،— دەيدۇ ئۇ، — بۇ ئۇسۇل مېنى ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئىدارە قىلىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى. ۋاقىتنى تەقسىملىۋالمىغاندا، كۈنلىرىمىز مەقسەتسىز ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. كۈنلىرىمىز مەقسەتسىز ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايدۇ، ئاخىر بېرىپ نېمە قىلىشىمىز لازىملىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىمىز.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

www.uyghurkitap.com

بىز كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشتىكى نى - نى خەۋپلەر ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالايمىز. ئەمما، بەزى ئۇششاق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە مەيۇسلىنىپ كېتىمىز.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

خىزمەت قىلىشتىكى بىرىنچى ئوبدان ئادەت: ئىش ئۈستىلى ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان بارلىق قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىكىنىلا قالدۇرۇش.

خىزمەت قىلىشتىكى ئىككىنچى خىل ئوبدان ئادەت: ئىشلارنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە ئىشلەش.

خىزمەت قىلىشتىكى ئۈچىنچى خىل ئوبدان ئادەت: بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا، بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلىشكە توغرا كەلسە، ئارىسالدى بولۇپ يۈرمەي، نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا بىر قارارغا كېلىش.

خىزمەت قىلىشتىكى تۆتىنچى خىل ئوبدان ئادەت: قانداق تەشكىللەش، قاتلام بويىچە مەسئۇل بولۇش ۋە نازارەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ئىش ئۈستىلى ئۈستىدە دۆۋىلىنىپ ياتقان جاۋابسىز خەتلەر، دوكلاتلار ۋە خاتىرە دەپتەر قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىلا كىشىدە پاراكەندىچىلىك، جىددىيلىك ۋە قايغۇرۇش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، ھەمىشە «قىلىشقا تېگىشلىك كۆرمەك

ئىشىنىڭ سىزگە قاراپ تۇرغانلىقى، ئەمما ئۇنى قىلىدىغانغا ۋاقىت يوقلۇقى» نى ئويلاۋەرسىڭىز باش قېتىنچىلىقى ئىچىدە جىددىيـ لىك ۋە ھارغىنلىق ھېس قىلىپلا قالماي، بەلكى قان بېسىمى، يۈرەك كېسىلى ۋە ئاشقازان يارىسىغا گىرىپتار بولۇپ قالىسىز.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

قاتلام بويىچە مەسئۇل بولۇشنى يولغا قويۇش گەرچە ئىنتاـ يىن قىيىن ئىش بولسىمۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل كىشى غەم ـ قايغۇ، جىددىيلىك ۋە ھېرىش ـ چارچاشتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلماي بولمايدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

سىز ئارتۇقچە چارچاپ كەتمەي ۋە تىت ـ تىت بولماي دېسىڭـ ىز:

1. ئۈستىلىڭىزنىڭ ئۈستىنى پاكىز رەتلەڭ، كۆز ئالدىڭىزـ دىكى خىزمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىنىلا قالدۇرۇڭ.
2. ئىشنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە قىلىڭ.
3. مەسىلىگە يولۇقسىڭىز، دەرھال ھەل قىلىڭ ياكى بىر قارارغا كېلىڭ، بىر چەتكە تاشلاپ قويماڭ.
4. قانداق تەشكىللەشنى، ھوقۇق بېرىشنى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.



دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئويلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئويلاپ تۇرسىڭىز، خىزمەت ئۈنۈمىڭىزمۇ زېرىكىشلىك بولۇپ كەتمەيدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

باشقىلارنى ئىشقا تەكلىپ قىلىش، ئىشتىن بوشىتىش بىر خاپىچىلىق ئىشتۇر. ئىشتىن بوشىتىلىش تېخىمۇ خاپىچىلىق ئىشتۇر.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئادەمنىڭ تالانتى ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ، ئۇچقۇن ئۆچۈپ قېلىشىمۇ، ئوت ئېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنى ئۇلۇغ ئوتقا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئەمگەك، يەنە ئەمگەك.

گوركىي

ئادەم ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىسىلا، ھەممە ئىش يۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

سۇن جۇڭشەن

چىقار تالانت ئىگىسى دەۋرىمىزدە يېتىلىپ،
ھۆكۈم سۈرەر ھەممىسى توختىماستىن ئىز بېسىپ.

جاۋيى

تالانتنى قەدىرلەيلى، تالانت ئىگىلىرىنى ئاسرايلى. ئەي مەدەنىي مىللىتىم، ئۇلارنى تەربىيىلەڭلار.

روسسو



تالانت ئىگىلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش كېرەك. ئىنسانىيەت شۇنداق بىر ھەقىقەتنى مەھكەم ئىگىلىشى كېرەككى، تالانت ئىگىلىرىنى شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ھەپىلەشتۈرمەسلىكى قىلماي قويماي، مەشئەل قىلىش لازىم. چۈنكى، شەخسىي مەنپەئەت

ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئۇلارنى ھەقىقىي بۇرچىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ قويىدۇ.

سىن سىمون

تالانت ئىگىلىرى ھەممە دەۋردە بولىدۇ: ئەمما ئۇلار خەلقنى ھاياجانغا سالىدىغان ئالاھىدە ئەھۋال يۈز بەرگەن چاغدىلا ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، بولمىسا ئۇلار قاتاللىنىشىپ قالىدۇ.

دىدىېرو

ئىختىساس ئىگىلىرى ئىشچان كېلىدۇ. تالانت ئىگىلىرى ئىجادچان كېلىدۇ.

شۇمان

تالانتنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئىجادچانلىققا ياكى مۇستەقىللىككە ئىگە. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ئىدىيە ۋە غايە ئومۇملۇققا ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، بۇ ئىدىيە ۋە غايە ھازىرقى زامان تارىخىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. تالانت ئىگىلىرى ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق كىشىلەر ئاڭلاپ باقمىغان ياكى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان يېڭى، رېئال دۇنيانى يارىتىدۇ.

بېلىنسكىي



ئۇنىڭدا تالانت ئۇچقۇنلىرى بار! بۇ گەپنىڭ نېمە مەنىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟ دېمەك، ئۇ دادىل، ئەتراپلىق پىكىر قىلالايدۇ، يىراقنى كۆرەلەيدۇ. ئۇ بىر تۈپ كۆچەت تىكسە، يۈز يىلدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەتتا مىلىك يىلدىن كېيىنمۇ مېۋىسىنى كۆرىدۇ. ئۇ كۆچەتنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان بەختىنى كۆرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئاز ئۇچرايدۇ، قەدىرلەش توغرا كەلسە شۇنداق ئادەملەرنى قەدىرلەش لازىم.

چېخوف

تاغلارنى مۇنبەت يەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن دائىم دەل - دەرەخ تىكىپ تۇرۇش لازىم. بىز ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈ- رۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

جولئوت كيۇرى

سىردىشىم يوقتۇر جاھاندا دەپ تولا يېمە غەمنى،
دۇنيادىكى بارچە ئىنسان تونۇر ئېسىل ئادەمنى.

گاۋ شى

قاشتېشىنى سىناش ئۈچۈن كېرەك بولار ئىككى - ئۈچ كۈن.
ئەمما تالانت ئىگىسىنى تونۇش ئۈچۈن سەككىز - ئون يىل.

بەي جۈيى

يانچۇقىدا ئىپار بار ئادەمنىڭ كىشىلەر بىلسۇن دەپ كوچىدا ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇنىڭدىن چىققان خۇش پۇراق ھەممە نەرسىنى چۇشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

سەئىدى

ھەقىقىي تالانت ئىگىلىرى بوھتاننى مەنسىتمەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ

تۇغما ئارتۇقچىلىقى تەنقىدچىلەرنى ئېغىز ئاچقۇزمايدۇ. يامغۇردىن قەغەز گۈللا قورقىدۇ.

كرېلوف

تالانت ئىگىلىرى توسالغۇلاردىن خالىي بولالمايدۇ، چۈنكى توسالغۇلار تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ.

رومىن روللان

تالانت خىزمەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببەتتىن كېلىپ چىقىدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تالانت — ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا —خىزمەت جەريانىغا بولغان قىزغىن مۇھەببەتتىنلا ئىبارەت خالاس.

گوركىي

ئون كۈندە سۇ سىزدىم، بەش كۈندە تاش.

دۇفۇ

ئوينىمىساڭ نى ھۈنەر كېلەر ئەجىردىن،
باش قاتۇرغىن، ئەگەشمە كىشى كەينىدىن.

خەن يۈي

ئادەمنىڭ زېھنى ئىشلەتكەنسېرى ئېچىلىدۇ، ئىشلەتمىسە تۇتۇلىدۇ.

زۇ تاۋفېن



ئۇلۇغ نەتىجە بىلەن جاپالىق مېھنەت توغرا تاناسىپ بولىدۇ. بىر ئۇلۇش مېھنەت سىڭدۈرۈلسە، بىر ئۇلۇش ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نەتىجىلەر ئاز - ئازدىن توپلىنىپ مۆجىزىگە ئايلىنىدۇ.

لۇشۈن

www.uyghurkitap.com

مەن زېرەك سەنئەتكارلاردىن ئەمەسمەن، تالانتىممۇ يوق، شۇڭا پۇتۇنلەي جاپالىق ئۆگىنىشكە تايىنىپ كەلدىم.

مېي لەنفاڭ

يەرگە قانچىلىك ئىشلەنسە، شۇنچىلىك ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، ئوبدان ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن يەرگە ئوبدان ئىشلەش كېرەك.

شۈي تېلى

تىرىشچانلىق — تالانتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. قانچىلىك تىرىشساڭ، تالانتىڭنى شۇنچىلىك جارى قىلدۇرالايسەن. تالانتنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى بىلەن تالانت ئىگىسىنىڭ تىرىشىشى توغرا تاناسىپ بولىدۇ.

گو مورو

ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشى، نەپەسلا بولىدىكەن، بوشاشماسلىقى كېرەك. شەرق شامىلى چوقۇم ئەۋج ئالىدۇ، دەۋر يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ باتۇرانە ئالغا بېسىش كېرەك.

ۋۇ يۈيجاڭ



تالانت ئەمگەك بەدىلىگە كېلىدۇ.

تۇڭ دىجۇ

ئىلىم - پەندىكى نۇرغۇن زور نەتىجىلەر كىچىك نەتىجىلەرنىڭ توپلىنىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان.

تۇڭ دىجۇ

ئىلىم ـ پەندە كۆتۈپ ئولتۇرغان بىلەن ئىلھام قوزغالمايدۇ. ئەگەر ئىلىم ـ پەندىكى كەشپىياتلار تاسادىپىي پۇرسەتتىلا بارلىققا كېلىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، بۇنداق «تاسادىپىي پۇرسەت» ھۆرۈن-لارغا ئەمەس، بەلكى ئوقۇغان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان ۋە چىداملىق كىشىلەرگىلا چىقىدۇ.

خۇا لوگېڭ

تالانتىم بار دەپ مەغرۇرلىنىشقا، زېرەكلىككە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، كۆچمەيلا ياراتقىلى بولىدىغان ئۇلۇغ ئىلمىي كەشپى-ياتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

خۇا لوگېڭ

ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تى-رىشچانلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسىدۇر.

ماۋ يىشىڭ

بىرەيلەن مەندىن ياخشى شېئىر تالانتىنىڭ مېۋىسىمۇ ياكى سەنئەتنىڭمۇ؟ دەپ سوراپ قالدى. مېنىڭ قارىشىم مۇنداق: جاپاغا چىداپ ئۆگەنگەن بىلەن ئەتراپلىق تالانت بولمىسا بولمايدۇ، تالانت بولغان بىلەن چىنىقتۇرۇلمىسىمۇ بولمايدۇ. ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە شەرت قىلىش ۋە باغلاش لازىم.

ئارىستوتېل



مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسىڭىز، قەتئىي ئىرادىنى دوست تۇ-تۇڭ، تەجرىبىدىن مەسلىھەت سوراڭ، ئېھتىيات قېرىندىشىڭىز بولسۇن، ئۈمىد قاراۋۇلىڭىز بولسۇن.

ئېدىسون

ئىلىم ـ پەننىڭ كېلەچىكى تىرىشچان ھەم كەمتەر ياش ئەۋ-
لادلارغىلا مەنسۇپ.

پاۋلوف

تالانتقا كېرىكى — مەيلى دەسلەپتە بولسۇن ياكى ئاخىرىدا
بولسۇن، —ھەقىقەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببەتتۇر.

گيوتى

بىز ئەجدادلىرىمىزدىن ۋە قۇرداشلىرىمىزدىن ئۆگىنىشىمىز
لازىم. ھەرقانچە تۇغما تالانتلىق ئادەممۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە
تايىنىپ ھەممىگە تاقابىل تۇرىمەن دەيدىغان بولسا، ھېچقانچە مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

گيوتى

تالانت دېگىنىمىز نەزەرنىڭ كەڭلىكى، تەسەۋۋۇرنىڭ جانـ
لىقلىقى، كۆڭۈلنىڭ ئويغاقلىقىدۇر.

دىدېرو

بىزدە قەتئىي ئىرادە، بولۇپمۇ ئىشەنچ بولۇشى لازىم. ئۆزىـ
مىزنىڭ ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىمىزگە ئىشىنىشىمىز، ئىقتىداـ
رىمىزنى ھەرقانچە قۇربان بېرىشتىنمۇ ئايانماي جارى قىلدۇرۇشىـ
مىز كېرەك.

گېگېل

تالانت بار تۇرۇقلۇق ئىشلىتىلمىسە، چوقۇم چېكىنىپ كېـ
تىدۇ، ھەتتا ئاستا ـ ئاستا چىرىپ يوقىلىپمۇ كېتىدۇ.

كرېلوف



www.uyghurkitap.com

ھېسسىيات ئىنتايىن زور رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. شۇڭا ئۇ بارلىق ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى ھې-سابلىنىدۇ. كۈچلۈك ھېسسىياتى يوق ئادەمدە كۈچلۈك تىلەك بولمايدۇ. ئۇ بۇ تىلىكىنى ئۆز خىزمىتىدە قىزغىن نامايانمۇ قىلا-لمايدۇ.

كرېلوف

توغما قابىلىيەتكە سىستېمىلىق بىلىم يار ـ يۆلەك بولۇشى لازىم. بىۋاسىتە تۇيغۇ بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ. تالانت ئىلىم ـ پەن بىلەن توي قىلغاندىلا ئەڭ ياخشى مېۋە بېرىدۇ.

سپېنسېر

تالانت شۇنداق نەرسىكى، ئۇ ئۆمۈر بويى مېھنەت سىڭدۈرۈش-نى تەلەپ قىلىدۇ.

مېندېلېيېف

تالانتنىڭ بىر پىرسەنتى چېچەنلىك، 99 پىرسەنتى تەردۇر.

ئېدىسون

«دانىشمەن بالا» بىلەن «تالانت ئىگىسى» مۇۋاپىق مۇھىتقا ئىگە بولمىسا ۋە ئۆزلۈكسىز تىرىشمىسا، ئىختىساسلىق بولۇپ يېتىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، چۈشكۈنلىشىپ دۆت بولۇپ قالىدۇ.

ۋېينېر

ئۆزىدىن قانائەتلەنمەسلىك — ھەقىقىي تالانت ئىگىلىرىنىڭ

مۇددەتلىك ئەجرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

رودىن

مېنىڭ ئەقىدەم باشتىن - ئاياغ شۇنداق بولۇپ كەلدىكى، قەلەم تەۋرەتمەيدىغان كۈنۈم يوق، سەنئەت ئىلاھىنى بەزىدە ئۇخلىتىپمۇ قويىمەن، لېكىن ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن تېخىمۇ تېتىكلەشسۇن دەپ شۇنداق قىلىمەن.

بېتخوۋېن

مەندە مەسىلىنى تېگى - تەكتىگىچە سۈرۈشتۈرۈشتىن باشقا ئىقتىدار يوق.

ئېينشتېين

ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كەينىدە 15 - 20 يىللىق مول تۇرمۇش تەجرىبىسى بولىدۇ. بۇ تەجرىبىلەر بولمايدىكەن، ھەرقانداق چېچەنلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا تالانتمۇ كارغا كەلمەيدۇ.

باۋلېنكو

مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىم بولالىدىمكى، ھەممىدىن مۇھىمى، پەننى سۆيدۇم؛ ھەرقانداق مەسىلە ئۈستىدە چەكسىز سەۋرچانلىق بىلەن ئۇزاق مۇلاھىزە يۈرگۈزدۈم؛ پاكىتلارنى توختىماي كۆزەتتىم ۋە توپلىدىم؛ خېلى يۇقىرى كەشپىيات ئىقتىدارىغا ۋە بىلىمگە ئىگە بولدۇم.

دارۋىن

تالانت ئىگىلىرى كۈچلۈك كالىغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ھەر كۈنى

12 سائەت تىنماي ئىشلەيدۇ.

يول رېنا

زېرەكلىك، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان غەيرەت، ئىش- چانلىق ۋە چىدام ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان باشقا شەرتلەردۇر.

بېيفرىچ

مەلۇم بىر كىشى «تالانت تىرىشچانلىق دېمەكتۇر» دېگەند- كەن. بۇ سۆزنى پۈتۈنلەي توغرا دېگىلى بولمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا خېلى زور دەرىجىدە توغرا دېيىشكە بولىدۇ.

ئالاھىدە زېھنىي كۈچ ۋە خىزمەت ئىقتىدارى بولماي تۇرۇپ تالانت ئىگىسى بولغىلى بولمايدۇ. زېھنىي كۈچىمۇ، خىزمەت ئىق- تىدارىمۇ يوق تالانت ئىگىسى گويا چىرايلىق سوپۇن كۆپۈكىگە ياكى ئايغا چىققاندىلا پۈلغا تېگىشكىلى بولىدىغان چەككە ئوخشاي- دۇ، خالاس. لېكىن، قەيەردە زېھنىي كۈچى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك ئادەملەر بولسا، شۇ يەردىن تالانت ئىگىسى چىقىدۇ.

لىبكنېخت

مەن شۇنىڭغىلا ئىشىنىمەنكى، ئىلھام ئەمگەك قىلغان چاغ- دىلا قوزغىلىدىكەن.

ئوستروۋسكىي

زۇۋۇلىسى چوڭ ئۇزۇلگەن ئادەملەرمۇ ھۇرۇن بولۇۋالسا يەنى ئۇزلۇكىدىن تىرىشىپ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرمەيدىغان بولسا،

ھېچقانچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، ھەتتا زوۋۇلىسى كىچىك ئۈزۈلگەن ئادەملەرچىلىكمۇ بولالماسلىقى مۇمكىن.

ماۋدۇن

تىرىشچانلىق نادانلىقنى تۈگىتىدۇ دېگەن ياخشى گەپ. قانچە ئەجىر قىلساڭ، ئىقتىدارىڭ شۇنچە ئۆسىدۇ.

خۋا لوگېڭ

كىشىلەر رىزىق ۋە ئىلھام دېگەندەك نەرسىلەر ئۈستىدە ئاغ-زى - ئاغزىغا تەگمەي گەپ سېتىشىپ يۈرىدۇ، مەن بىر زەرگەر ئالتۇندىن زەنجىر سوققاندەك كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ كىچىك ھال-قىلارنى بىر - بىرىگە مۇۋاپىق چېتىپ چىقىمەن.

ھېيني

تالانت ئادەمنى ئىشلىمىسىمۇ بولىدىغان قىلالمايدۇ، ئەم-گەكنىڭ ئورنىغىمۇ دەسسىيەلمەيدۇ. تالانت يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت ئۆگىنىشكە، ئىنتايىن جىددىي ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەم تالانتلىق بولغانسېرى، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان ۋەزىپە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ ۋە ئېغىرلىشىدۇ.

ئا. ئا. سىمرنوف

بەزىلەر تۇغما ئەقىللىق كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار تۇغما بايلارغا ئوخشاش بايلىقنى كۆپەيتىشكە سەل قارايدىغان، قەرزگە بوغۇلۇۋې-رىدىغان بولسا، ئاخىر قەلەندەرگە ئايلىنىپ كېتىشى، ئابرۇيىدىنمۇ مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن.

يوئۇڭ

ئىنسان تەپەككۇرى دېگەن قالتىس بولىدۇ، ئادەم بىرەر ئىشقا كۆڭۈل بېرىدىغان بولسا، چوقۇم ئۆزىمۇ ھەيران قالغۇدەك نەتىجە يارىتالايدۇ.

مارك تۋېن

ئىلھام ھەرگىز چىرايلىق قول ئىشارىتى قىلىۋاتقان چاغدىكى ئەمەس، بەلكى كالىدەك پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەۋاتقان چاغدىكى روھىي ھالەتتۇر.

چايكوۋسكىي

ئىلھام ھۇرۇنلارنى يوقلاشنى خالىمايدىغان مېھماندۇر.

چېرنىشېۋسكىي

ئىلھام قەيسەرلىك بىلەن ئەمگەك قىلغانلىقنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

رېپىن

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، چەت ئەلدىن تارتىپ جۇڭگو-غىچە ئۆز ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇختا قەدەم بىلەن جاپاغا چىداپ پەللىگە ئۆرلىگەنلەردۇر.

چيەن سەنچياڭ

ھەرقانداق ئىشنى پۇختا ئىشلەش، خام خىيالغا بېرىلمەس-لىك، نام-ئابرۇي قوغلاشماسلىق، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش پوزىتسىيىسى بىلەن ئەجىر سىڭدۈرۈش لازىم. مۇشۇنداق پوزىت-سىيە بىلەن ئۆگەنگەنلەر ھەقىقەتنى تاپالايدۇ؛ مۇشۇنداق پوزىتسىيە

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىشلىگەنلەر خىزمىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

لى داجاۋ

دۇنيادىكى ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ چېكى يوق، ئىنسان ئۆمرىنىڭ بولسا چېكى بار. ھەرقانداق كەسىپتە ياكى پەندە ھەرقانداق شەخس ھەرگىز مەڭگۈ «ئۆزگە ئالىم» چىقمايدۇ دەپ ئۆزۈپ ئېيتالمايدۇ. لېكىن، مەلۇم بىر كەسىپتە ياكى پەندە ھەقىقەتەن ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئازراق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسام، بۇ نەتىجە مۇشۇ كەسىپىمىنىڭ ۋە پەننىڭ تەرەققىياتىدا ئەرزىمەس نەتىجە بولۇپ قالىدۇ، مەندىن كېيىن يولداشلار ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ…مۇھىمى ئىشلەش كېرەك. ياقسام تۇتارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ ئىشلىمەي يۈرگەندە، شۇنچىلىك نەتىجە يارىتىشتىنمۇ ئۈمىد قالمايدۇ.

زۇ تاۋفېن

پىلان بولسىلا، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش لازىمكى، مەيۈسلەنمەسلىك، يېرىم يولدا توختاپ قالماسلىق كېرەك. ئەگەرى يول ماڭغانلىق مەغلۇپ بولغانلىق ئەمەس، ئۇنىڭغا بىئارام بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق…

زۇ تاۋفېن

ياخشىسى زاۋال ۋاقتىدا شېرىن خىيال سۈرمەي، قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈشىگىلا بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلىش لازىم.

شيې جۆزەي

ئىلىم - پەننىڭ چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن تاغقا چىقىش

تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ جۇمۇلاگما چوققىسىغا چىققىنىغا ئوخشاش سانسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ۋە خېيىمخەتەرلەرنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ. قورقۇنچاقلار ۋە ھۇرۇنلار غالىبىيەتنىڭ شادلىقى ۋە لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

جىن جىڭرۇن

مۇۋەپپەقىيەت = جاپالىق ئەمگەك + توغرا ئۇسۇل + قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش.

ئېينشتېين

دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى ئەمگەك بىلەن ئادەمنىڭ چېۋەر قولى ياراتقان.

گوركىي

ئادەمنىڭ ئەمگىكىلا مۇقەددەستۇر.

گوركىي

مېنىڭچە، كىشىلىك ھاياتتا ھۇزۇرلىنىشنىڭ ئەمگەككە ھۆرمەت قىلىشتىن ئۆزگە ياخشى چارىسى يوق. ھەرقانداق شاد ـ خۇراملىق ئەمگەكتىن كېلىدۇ، ھەرقانداق ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ئەمگەك ئارقىلىق قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

لى داجاۋ



ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەتنىڭ مېۋىسىدۇر.

مىل

مەن شۇنىڭغىلا ئىشىنىمەنكى، ئىلھام ئەمگەك قىلغاندىلا كېلىدۇ ... ئەمگەك ھەرقانداق كاج ھېسسىياتنى داۋالايدىغان ئەڭ ياخشى دوختۇردۇر.

ئوستروۋسكىي

مەن ھەممە ئادەمنىڭ ئەمگەك بىلەن ئىجادىيەتنىڭ قەھرىمانى بولغانلىقىنى، يېڭى، ئەركىن تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولۇپ يېتىشكەنلىكىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم ۋە ئارزۇ قىلىمەن. بىز شۇنداق ياشىشىمىز كېرەككى، مىجەزىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىمىز ئۆزىمىزنى باشقىلار بىلەن تەڭ قىممەتلىك ئادەم دەپ ھېس قىلالايدىغان بولۇشىمىز لازىم.

لافونتان

دۇنيادا ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە نەرسە جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرمەي تۇرۇپ قولغا كەلمەيدۇ.

ئېدىسون

ھۇزۇر جاپادىن كېلىدۇ. مېھنەت قىلىش، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن ھۇزۇرلا ھەقىقىي ھۇزۇر بولالايدۇ. ھۇزۇر ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇزۇردىن جاپا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەمەس، جاپا تارتىش داۋامىدىلا بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ.

شىي جۆزەي

ھالال مېھنەتكە ئەمەس، ئېغىزدىكى قۇرۇق گېپىگە

تايىنىپ جان باقىدىغانلار ساختىپەز ۋە نائىنساپلاردۇر.

دېموكرىت

ئەجىر بىلەن قولغا كەلگەن نەرسە ئەجىرسىز قولغا كەلگەن نەرسىدىن تاتلىقراق بولىدۇ. بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان ھەقىقەتكە ئەجىر كەتمەيدۇ، بىلگەندىن كېيىن كىشى ۋاقىتلىق خۇشال بولىدۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ قالىدۇ.

بوككاچچو

ئىشلىمىگەن چىشلىمەيدۇ.

فرانكلىن

قازانغان نەتىجىلەر بىلەنلا توختاپ قالماي، باتۇرلۇق بىلەن ئىشلەش، ئەمگەك لەۋھەسىنى ئۇزاققىچە قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

ئوستروۋسكىي

ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى ئەجىرسىز قولغا كەلمەيدۇ، ئىلىم - پەندە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلەشتىن باشقا چارە يوق؛ قىزغىنلىق، خىيال، ئارزۇ دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەمگەكنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.



گېرتسېن

ھۇرۇنلۇق ئەمگەك پوزىتسىيىسىگە ياتىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئىستىل بولۇپ، قولى ئىشقا بارماسلىق ۋە ئاسانلا ئىشنى تاشلاپ قويۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

دىپىرسكايا

ئەمگەك ئادەمدە ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۈچىگە ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ.

گوركىي

بىر كۈن ئەمگەك قىلساڭ، بىر كۈننى ئارامخۇدا ئۆتكۈزىسەن؛ ئۆمۈر بويى ئەمگەك قىلساڭ، پۈتۈن ئۆمرۈڭنى بەختىيار ئۆتكۈزىسەن.

دا ۋىنچى

مۇكەممەل يېڭى ئادەم ئەمگەك داۋامىدا ۋە ئەمگەك ئۈچۈن يېتىلىشى لازىم.

ئوۋېن

ئەمگەك سۆيۈش — كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. لېكىن، ئىشچىلار سىنىپى غەلىبە قىلغاندىن كېيىنلا، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس ئاساسى — ئەمگەك ئېغىر ۋە ئۇياتلىق يۈك ئەمەس. بەلكى شەرەپلىك ئىش ۋە قەھرىمانلىق دەپ قارىلىدۇ.

كالىنىن

ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار شۇنى بىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئىشىنىشى كېرەككى، «يەن ۋە ئەمگەك ھەممىنى تارمار قىلىدۇ،» ئۆتمۈشتىكى بارلىق كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ. «خوجايىن» لار بىلەن بىر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان مېھنەتكەش خەلقنى گاس ۋە ئەما ئورنىدا ئىشلىتىشتە پايدىلىنىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تارمار قىلىدۇ.

گوركىي

ئەمگەكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاللىۋالالىساڭ ھەمدە ئۆ-زۈڭنىڭ پۈتكۈل زېھنىنى ئەمگەككە بەرسەڭ، بەخت سېنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ.

ئوشىنسكىي

تۇرمۇشنى راھەت ئۆتكۈزۈشنىڭ بىرلا چارىسى بار. يەنى كوللېكتىپ، ئاقىلانە ئەمگەك قىلىش كېرەك ...ئاقىلانە، قەتئىي، كوللېكتىپ ئەمگەكلا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدۇ.

گوركىي

ئەمگەكنى سۆيۈڭلار. ئادەمنى بۈيۈك ۋە چېچەن قىلالايدىغان ئەمگەكتىن —كوللېكتىپ، دوستانە ۋە ئەركىن ئەمگەكتىن باشقا ھېچقانداق كۈچ يوق.

گوركىي

ھۇرۇنلۇق داتقا ئوخشايدۇ، ئۇ جاننى ئەمگەكتىنمۇ بەكرەك ئۇپرىتىدۇ، دائىم ئىشلىتىلىپ تۇرغان ئاچقۇچ پارقىراپ تۇرىدۇ.

فرانكلىن

ئادەم ئىشلىشى كېرەك، ئىشلىمىسە ھوسۇل نەدىن كېلىدۇ؟

جاڭ خېڭ



«بىرلا ئەجىر قىلىپ قويۇپ ئۆمۈر بويى يەپ يېتىش» دېگەن گەپ بولغان بىلەن ئۇنداق ئىش تولىمۇ ئاز.

لۇشۇن

ئۆمرۈم ئاساسەن جاپالىق ئىشلەش بىلەنلا ئۆتتى، شۇنداق

ئېيتالايمەنكى، ھازىر 75 ياشقا كىرىپتىمەن، بىرەر ئايىنىمۇ ھەقىقىي ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بىلەن ئۆتكۈزگىنىم يوق. ئۆمرۈم گويا بىر پارچە تاشنى تاغقا دومىلىتىپ ئاچىقىۋاتقانغا ئوخشاش ئۆتتى، تۆۋەنگە دومىلاپ كەتسە، مەن يۇقىرىغا ئىتتىرىپ ماڭدىم.

گيوتې

بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرى كېتىدۇ.

لې ۋېنخوڭ

ئەتىيازدا ئۇرۇق سېلىنمىسا يازدا زىرائەت ئۈنمەيدۇ، كۈزدە ھوسۇل چىقمايدۇ، قىشتا لەززەتنى تېتىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ھېيفې

سەن خىزمەت قىلىش پۇرسىتى ئۈچۈن ئانچە ئالدىرىما، ۋاقتى كەلگەندە، يېپىق ئىشىك (ئۆزى) ئېچىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەت جايىدا بولسا، بەخت ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر قۇلىنى (ئۇنىڭ) خىزمىتى ئۈچۈن قەدىرلەيدۇ، خىزمەتتە (ئەجىر) سىڭدۈرسە، كىچىكلەرمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەت قىل، خىزمەت بىلەن قۇل بەگ بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(تۆرگە) نالايىق كىشى خىزمەت بىلەن تۆرگە ئېرىشىدۇ، يا-
رامسىز ياراپ قالسىمۇ، پەقەت پەگاھقىلا ئېرىشىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

خىزمەتكار توغرىلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەك،
خىزمەت سىڭدۈرگەندىن كېيىنلا تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

خىزمەت بەگنىڭ تەلپىگە لايىق بولمىسا، قانچە مۇشەققەت
چەككەن بىلەنمۇ، خىزمىتى يارىمايدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

ئەگەر خىزمەتكار بېگىگە خىزمەت قىلىدىكەن، بەگلەرنى رازى
قىلىش يولىنى قاتتىق تۇتۇشى كېرەك.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

بەگلەر رايى بويىچە خىزمەت قىل، خىزمىتىڭدىن بەگ رازى
بولسا، (بەخت) ئىشىكىنى ئاچىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ



خىزمەتچى خىزمەت قىلىشنى بىلسە، تۆرگە چىقىدۇ، خىز-
مەت قىلىشنى بىلمىسە، تۆردىن پەگاھقا چۈشىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

خىزمەتچى قۇل بېگىنى ناھايىتى سۆيۈندۈرسە، بۇ قۇل ئۈچۈن

قەدىر - قىممەتنىڭ يولى ئېچىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەت بەگنىڭ تەلپىگە لايىق بولمىسا، قانچە مۇشەققەت چەككەن بىلەنمۇ، خىزمىتى يارىمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر خىزمەتكار بېگىگە خىزمەت قىلىدىكەن، بەگلەرنى رازى قىلىش يولىنى قاتتىق تۇتۇشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەرزىگەن (كىشىگە) خىزمەت قىلسا، بەخت ئىشىك ئاچىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەت قىلما، ئەگەر قىلساڭ ئەرزىگەنگە قىل، لاياقەتلىك بەگ خىزمەتكارنىڭ ھەققىنى بىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەت قىلما، ئەگەر قىلساڭ سېخىينىڭ خىزمىتىنى قىل، بىلگىنكى، سېخىينىڭ ئۆيى ئالتۇن، ئىشىكى كۈمۈشتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي خىزمەت قىلغۇچى، خەسىسكە خىزمەت قىلما، بولمىسا ئۆمرۈڭ زايە كېتىدۇ، ئۆزۈڭ يامان بولىسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قانداق ئىشقا كىرىشسەڭ ئاقىۋىتىگە كۆز يەتكۈز، ئاقىۋىتى



www.uyghurkitap.com

كۆرۈنمىگەن ئىش كىشىگە زەخمەت بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىرەرسى ساڭا مەلۇم ئەمگەك سىڭدۇرسە، ئەمگىكىنى ئۇنتۇما، ئۆلۈكتەك بولۇپ (جاۋابسىز) قالدۇرما.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ساڭا كىمنىڭ بىرئاز ئەمگىكى سىڭگەن بولسا، كېيىن سەن ئۇنىڭغا كۆپرەك جاۋاب قايتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلمىگەن كىشى بەئەينى كالىغا ئوخشىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىككى جاھاندا كىشىگە پايدىلىق نەرسە — ياخشى ئىش - ھەرىكەتتۇر، ئىككىنچىسى ئۇيات، ئۈچىنچىسى توغرىلىق. ئۇچ نەرسە بىلەن كىشى قۇتلۇق كۈنگە ئېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىش - ھەرىكىتى ياخشى بولسا، ئۇنى بارلىق خەلق سۆيىدۇ؛ مىجەزى توغرا بولسا، تۆرگە چىقىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مېھرىبان - سادىق خىزمەتچى تامامەن شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ ئۆز پايدىسىنى قويۇپ، بېگىنىڭ پايدىسىنى تىلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەتكە بېرىلگەن قۇل بېگىگە ئارام بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر قۇلنىڭ ئەقلى يەتسە، بېگىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن جېنىنى ئايىماسلىقى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىش قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ، (ئىشنىڭ) ياخشى ياكى يامانلىقىنى كۆزەتكەن كىشى بىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىش قىلغۇچى (ئىشنىڭ قانداقلىقىنى) كۆرگۈچىدىن بىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ئىشنىڭ بېشىنى بىلىم بىلەن باشلاپ، ئىدراك قىلىپ چۈشەنسە، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەقىللىق كىشىلەر ئىشنى ئوڭلىيالايدۇ، ئەقىلسىز كىشىلەرنى ئىشتىن يىراقلاشتۇرۇش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىش باشلىغۇچى ئىشتا ئادىل بولمىسا، بەگلەرنىڭ ھەممە ئىشى ئەگرى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىش بېجىرگۈچى ئۈچۈن توغرىلىق، چىنلىق كېرەك، ئاندىن بەگلەر ئۇنىڭغا ئىش تاپشۇرۇشقا ئىشەنچ قىلىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

چىرايلىقنىڭ قىلىقىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. ئىش ـ ھەرىكىتى چىرايلىق بولسا، ئەلگە پايدىسى تېگىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىنىڭ كۆركىگە ئىچكى مىجەزى ھەمراھدۇر، چىراي كۆركەملىكىگە ئىش ـ ھەرىكىتى ماس بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سادىق خىزمەتچى جان ـ جىگەرگە ئوخشىشىدۇ، (بەلكى) جان ـ جىگەردىنمۇ يېقىنراق، يۈرەك قېنىغا ئوخشىشىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمنىڭ ھۈنەر ـ پەزىلىتى بولسا، ئۇنىڭ نامى چىقىدۇ، ئەگەر ھۈنەر ـ پەزىلىتى بولمىسا، نامسىز قېرىيدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ



كىشى پەزىلىتى بىلەن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھۈنەر ـ پەزىلىتى كۆپ بولسا، كىشى ئۇچقاندەك يۈكسىلىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىدۇ. كىشى ئېچىنىپ ئېغىز ئاچمايدۇ،

www.uyghurkitap.com

(لېكىن) ئەمگەك زايە بولۇپ كەتسە، بۇنىڭغا ئۇزاق يىل ئېچىنىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ ئەمگەك سىڭدۈرسە، ئۇنى سۆيۈشى، ئېغىر چۈشسىمۇ يۈكىنى كۆتۈرۈش كېرەك.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇلۇغ ئىشلاردا كۆپ باش ئاغرىقى بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەتچى دۇنيا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن، ئەگەر دۇنياغا ئېرىشمىسە، مەجبۇرىي ئەمگەك قىلغان بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەتچىنىڭ قىلغان خىزمىتىگە يارىشا ھەققى بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قائىدە - يوسۇنسىز خىزمەتچى (ھېچ ئىشقا) يارىمايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى خىزمەت قىلىشنى بىلمىسە، بىكاردىن - بىكار جاپا چېكىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەتچى زېرەك، ھەرىكىتى ئىشەنچلىك بولسا، تەلەپكە يارايدۇ ۋە ئۆسىدۇ، دۆلەتلىك بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەر تۈرلۈك ئىشلار خىزمەت ئارقىلىق يۈرۈشىدۇ، خىزمەت ئارقىلىق ياخشى دوستلارغىمۇ يېتىشىسەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئۆزۈڭ ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنى خالىساڭ، خىزمەت قىل، خىزمىتىڭ يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

غەزەپلەنگەن پەيتىدە بەگكە يېقىن بارما، ئەگەر (يېقىن) بارساڭ، خورلىنىشىڭ مۇقەررەر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قانچە توق بولغاندىمۇ بەگنىڭ تائامىنى يېيىش كېرەك، بەگلەرنىڭ تائامى قەدىر - قىممەتنىڭ باشلىنىشىدۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كىچىككە ئۇلۇغلۇق ئۇلۇغدىن كېلىدۇ، ئۇلۇغقا خىزمەت قىلسا، كىچىكلەر بەخت تاپىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ



ھەرقانداق ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتمە، چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، (ئۇ ئىش) سەندىن قاچىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇناسىپ چېكى، (ئۆز) پەيتى بولىدۇ،

ھەرقانداق نەرسە ئۆز پەيتى بىلەن ساغلامدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىشتا غەزەپلىك بولما، ئاچچىقىڭنى باس، ئەگەر ئاچچىقلىنىپ كەلسە، كېكەچ بولۇۋال.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تەتۈر ھەرىكەت قىلىدىغان تەتۈر كىشىلەر (نىڭ) يامانلىقى چەكلەنمىگۈچە، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەت قىلىپ يۈرگەنلەر ئۈمىد بىلەن يۈرىدۇ، خىزمەتچى ئۈمىدنى ئۈزسە، تۇرمايدۇ، كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەرقانداق ئىشتا مەسلىھەت ياخشى چارىدۇر. مەسلىھەت بىلەن ھەرقانداق ئىش راۋاج تاپىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مەسلىھەتلەشكەن كىشى ئۆز ئىشىنى ئوڭلايدۇ، مەسلىھەتلەشمىگەن كىشى ئاخىرى پۇشايمان قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ئۆز ئىشىنى ئۆزى تولۇق كۆرۈپ بىلەلمەيدۇ، باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ ئېيتىش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قانداقلا ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، كېڭەشىپ، ئاندىن قىل، تىلەك ـ ئارزۇلىرىڭنى كېڭەش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئەمگەك ھەرقانداق بايلىقنىڭ مەنبەسى — دەپ چۈشەندۈرىدۇ، ئىقتىسادچىلار... لېكىن ئەمگەك ئۇنىڭدىنمۇ مىسلىسىز ئارتۇقراق نەرسىدۇر. ئۇ پۈتۈن ئادەمزات تىرىكلىكى ئۈچۈن بىرىنچى ئاساسىي شەرتتۇر. —شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مەلۇم مەنىدە: ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئەمگەك ياراتقان، دەپ ئېيتىشىمىز كېرەك.

ف.ئېنگېلس

سوتسىيالىستىك ئىنسان ئۈچۈن پۈتۈن تارىخ ئىنساننىڭ ئىنسان ئەمگىكى تۈپەيلىدىن بەرپا قىلىنغىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ك.ماركس

ھەممە ئەمگەكچىلەرنى بىرلەشتۈرگۈچى كۈچنىمۇ بىزگە دەل ئەمگەك بەرگەن.



ۋ.ئى.لېنىن

ئىشچى ئەمگىكى، دېھقان ئاشلىقى — مۇشۇ ئىككى ئوق ئەتراپىدا ئۇچقۇر دەۋر چاپسان ئېقىپ بارماقتا ۋە پۈتۈن ھايات شۇ ئوق ئەتراپىدا ئايلانماقتا.

ۋ.ۋ.ماياكوۋىسكىي

جەمئىيەتنىڭ ھەممە بايلىقى ئىستىسناسىز شۇ جەمئىيەت ئەمگىكى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

د.ئى.پىسارىيف

پۈتۈن ئۆمرۈم بويى ئىشنى سۆيگەن ۋە ئىشلەشنى بىلگەن ئادەملەرنىلا ھەقىقىي قەھرىمان دەپ بىلگەنمەن.

م.گوركىي

ئەمگەك بىزنىڭ زاماندا بۈيۈك ھوقۇق ۋە بۈيۈك مەجبۇرىيەت.

ۋ.گوركىي

مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرىلىقى دائىم توغرىدىن توغرا ئەمگەككە بولغان مۇھەببەتكە باغلىقتۇر.

م.گوركىي

مەدەنىيەت قانچىلىك يۇكسەك بولسا، ئەمگەك شۇنچە يۇكسەك قەدىرلىنىدۇ.

ب.روشېر

ئەمگەك ھەمىشە ئىنسان ھاياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلگەن.

ئا.س.ماكارېنكو

ھەممە نەرسە ئەمگەك شاراپىتىدىندۇر. ھەممە نەرسە ئىنسان مېھنىتىدىن. تارىخنىڭ ھۆكۈمى شۇ.

د.ئى.مېندېلېيېف

ھاياتتا ھېچقانداق نەرسە مۇشەققەتلىك ئەمگەكسىز قولغا كەلمەيدۇ.

گوراتسىي

بىز ياشىغان دۇنيا سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى پائالىيەت، ئەمگەك بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن.

م.گوركىي

ۋىجدانەن ئىشلەنگەن ھەرقانداق ئەمگەك پايدىلىقتۇر، دېمەك، ئۇ ھۆرمەتكە لايىق.

ستېندال

ھەربىر ئادەم قانداقتۇر بىر ئىش ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدۇ. يەر يۈزىدە ياشاپ يۈرگەن ھەربىر ئىنساننىڭ ھاياتتا تېگىشلىك ۋەزىپىسى بار.

ئى.ھېمىڭۋاي

قىلىۋاتقان ئىشىڭنى سۆيۈشۈڭ كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا ئەمگەك —ھەتتا ئەڭ ئېغىر ئەمگەكمۇ — ئىجادقا ئايلىنىدۇ.



م.گوركىي

چىن دىلىدىن ئەمگەك قىلغان ئادەم ھەرقانداق ئىشنىمۇ شائىرانە دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ.

ن.گ.چېرنىشېۋىسكىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلۇغ ئادەملەرنى ئەمگەك يېتىشتۈرىدۇ.

سپىكا

شان - شەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان يول ئەمگەكتە.

پۇبلىلى سىر

ئەمگەك كۆچىدىن، كوللېكتىپ، ئىتتىپاق، ئازاد ئەمگەك كۆچىدىن باشقا ھەرقانداق كۈچمۇ ئىنساننى بۈنچىلىك بۈيۈك ۋە دانا قىلالمايدۇ.

م.گوركىي

دائىملىق ئەمگەك سەنئەتنىڭمۇ، ھاياتنىڭمۇ قانۇنىدۇر.

ئو.بالزاك

ئىنسان تەبىئىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئېھتىياجلاردىن بىرى، كۆڭۈل خالىغان ئىشنى تاللاش ۋە ئۇنى رەغبەت بىلەن قىلىشقا ئىنتىلىشتۇر.

ئا.بېبېل

ئەمگەك مېڭە ۋە مۇسكۇللار پائالىيىتىدۇر. ئۇ تەبىئىي ئىچكى ئېھتىياجدىن چىقىدۇ.

ن.گ.چېرنىشېۋسكىي

ئەمگەككە ئادەتلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭسىز ياشىغىلى بولمايدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئەمگەك بىلەن باغلانغان.

ئو.فوستېر

كىمگە ـ كىم ئىش بولدى قانائەت پەنى،
بىلكى، ئۇنى قىلدى قانائەت غەنى.

ئە.نەۋائى

ئىنسان ماھىيىتى ھەممىدىن ياخشىراق، ھەممىدىن ئالىي-جانابراق ۋە مۇكەممەل ھالدا ئۇنىڭ پائالىيىتىدە، ئۇنىڭ ئەمگىكى ۋە ئىجادىدا نامايان بولىدۇ.

ئا.ئا.فادېيېف

نېمىكى ئەمگەكسىز، ئوڭاي قولغا كەلگەن بولسا، ئۇ خالىد-غانچە شۇبھىلىنىشكە تېگىشلىك ئامانەت بايلىقتۇر.

ل.م.لېئونوف

ئىشچىنىڭ جىسمانىي غەيرىتى مۆجىزىلەر يارىتىشقا قادىر.

م.گوركىي

پۇت دەسسەپ تىك تۇرغان دېھقان، تىز پۈككەن بايۋەچچىدىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل.

ب.فرانكلىن



بىردىنبىر ھەقىقىي دۆلەت ئىنسان ئەمگىكىدۇر.

ئا.فرانس

ئەمگەك ھەقىقىي ئالىيجانابلىقنىڭ بىردىنبىر ئۇنۋانىدۇر.

ر.روللان

ئىنسان ئەمگەك ياردىمى بىلەن كامالەت تاپىدۇ.

ت.كارلېيل

ئەمگەك ئادەمنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ.

ۋ.گ.بېلىنسكىي

ئادەمنى ھېچ نەرسە ئەمگەكتەك يۈكسەكلىككە كۆتۈرمەيدۇ. ئادەم ئەمگەكسىز ئۆز ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ساقلىيالمايدۇ.

ل.ن.تولستوي

ئۆزگە خاسلىق ۋە ئۆز قەدرىنى بىلىش پەقەت ئەمگەك ۋە كۈرەش بىلەنلا قولغا كىرگۈزۈلىدۇ.

ف.م.دوستويېۋىسكىي

ئەمگەك ئىنساندا ئىجادىي كۈچ ئويغىتىدۇ.

ئا.ن.تولستوي

شۈنداق شارائىتتا ياشاش كېرەككى، ئەمگەك زۆرۈرىيەتكە ئايلانسۇن. ئەمگەكسىز ساپ ۋە شاھانە ھايات بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا.پ.چېخوف

ئىنسان كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمگەك قىلىشى، تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ياشاش مەقسىتى، بەخت ۋە ھاياجانلىرىمۇ ئەنە شۇ ئەمگەككە مۇجەسسەملەنگەن.

ئا.پ.چېخوف

پۈتۈن ئىرادىنى ئىشقا سېلىپ ئەمگەك قىلىش كېرەككى، ئىرادىمىز خۇددى مىناغا ئوخشاش پارتلاپ، توسالغۇلارنى چۆرۈپ تاشلىسۇن.

ژ.فابىر

ئىشلەش ۋە دائىم ئىشلەش كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، تىرىك تۇرۇپلا دەرد تارتىپ قالىسەن.

گ.گائوپتىمان

ياشاش ئىشلەش دېمەكتۇر. ئەمگەك — ئادەمنىڭ ھاياتى.

ف.ۋولتېر

ئىنسان ئەمگەك قىلىۋاتقان ۋاقىتتىلا تولۇق مەنىدىكى ئىن-سانغا ئايلىنىدۇ.

ژ.گيوۋ

ئىش بىزنى ئۈچ خىل ئىللەتتىن — زېرىكىش، قۇسۇر، موھتاجلىقتىن خالاس قىلىدۇ.

ف.ۋولتېر



يېسەم ئارپا نېنىنى ئەمگەك بىلەن،
تاتلىقتۇر خەقلەرنىڭ ئاق نېنىدىن.

سەئدى

ھايات كېمىسى ئەمگەكتىن ئىبارەت لەنگەرگە تايانسا، بارلىق شامال، بورانلارغا چىداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ستېندال



ئادەملەر ئۈچۈن ھەقىقىي خەزىنە — ئەمگەك قىلىشنى بىلىشتۇر.

ئىزوپ

ھەر كۈنى ئەمگەك قىلىپ ئادەتلەنگەنلەر ئاجىز ۋە قېرى بولسىمۇ، كۈچلۈك ۋە چېنىققان ياشلارغا قارىغاندا، ئىشتا ئەپچىل كېلىدۇ.

گىپپوكرات

ئەمگەك، ئەمگەك قىلىۋاتقان كىشى بىلەن شۇ ئەمگەك مەنپەئەت بېرىۋاتقان جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم ۋە ئىشەنچلىك ئالاقىدۇر.

د.ئى.پىسارېف

ئىنسان پاراۋانلىقى يولىدا ئەمگەك قىلىش ھەقىقەتەن بۈيۈك ئىشتۇر.

ئا.سىن ـ سىمون

ئەمگەكنىڭ ھايات قانۇنى ئىكەنلىكىنى بالىلىقىدىنلا بىلىۋالغان، ئاشلىقنىڭ پېشانە تەرى بىلەن ئۈندۈرۈلىدىغانلىقىنى، ياشلىقىدىنلا چۈشەنگەن ئادەم جاسارەت كۆرسىتىشكە قادىردۇر. چۈنكى، جىددىي كۈن ۋە سائەتتە ئۇ جاسارەت كۆرسىتىشكە ئۆزىدە ئىرادىمۇ ۋە ئۇنىڭغا كۈچمۇ تاپالايدۇ.

ژيول ۋېرن

جەمئىيەت ئۆچۈن ۋە ئۆزى ئۈچۈن، پايدىسىز بولۇشتىن ھەمدە ئەقىل ـ ئىدراكنى ھېچقانداق ئىش قىلماسلىق بىلەن سەرپ قىلىۋېتىشتىنمۇ ئارتۇقراق سەتچىلىك يوق.

ب.پاسكال

ئەمگەك ئادەمنى يەرگە ئۇرمايدۇ، ئەپسۇسكى، بەزىدە ئەمگەكنى يەرگە ئۇرىدىغان ئادەملەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئو.گرانت

قىلىۋاتقان ئىشىڭ مەينەت ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلما. پەقەت بىر نەرسىدىن، بىكارچىلىقتىن نومۇس قىلىشقا بولىدۇ ۋە نومۇس قىلىش لازىم.

ل.ن.تولستوي

ھاياتتا ئەڭ نازۇك جىسمانىي ياكى ئەخلاقىي پەزىلەتلەرمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشماي تۇرۇپ، تەييارتاپلىق قىلىشتەك ئىجتىمائىي گۇناھنى يۇيۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ب.شوئۇ

ئۆزىنى ئەمگەكتىن ئازاد قىلىش جىنايەت.



ل.ن.تولستوي

ھورۇن ۋە تەييارتاپ ئادەملەر ھەسەل ھەرىسى ئۇۋىسىدىكى جاپاكەش ھەرە يىغقان ھەسەلنى يېۋالغۇچى تەييارتاپ ھەرىگە ئوخشايدۇ.

م.سىرۋانتېس

www.uyghurkitap.com

تەييارتاپلارنى يوقىتىش ۋە ئەمگەكنى ئۇلۇغلاش تارىخنىڭ دائىمىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن.

ئا.ن.دوبروليوبوف

ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ئاقىلانە پائالىيەتتۇر.

ئارەستۇ

بۇرۇنلاردا مەنزىرىسى چىرايلىق مەملىكەتلەر ئەڭ باي مەملىكەتلەر ھېسابلىناتتى. ئەمدىلىكتە ئادەملىرى غەيرىيەتلىك بولغان مەملىكەتلەر باي ھېسابلىنىدۇ.

گ.بوكل

ئىنسان پائالىيەت ئۈچۈن يارىتىلغان. پائالىيەتسىزلىك يوقلۇق بىلەن تەڭ.

ف.ۋولتېر

ھايات ۋە پائالىيەت يالقۇن بىلەن يورۇقلۇققا ئوخشاش ئۆزئارا چەمبەرچاس باغلانغان.

ف.ن.گلىنكا



ئىش قىلىشتىن توختىساق — ياشاشتىن توختايمىز.

ب.شائۇ

ھېچ نەرسە قىلماسلىق ياشىماسلىقتۇر... كىمكى يۈرىكىگە ھايات مەنبەسى، يەنى جانلىق پائالىيەت مەنبەسىنى جارى قىلىپ يۈرمەيدىكەن، كىمكى ئۆزىگە ئىشەنمەيدىكەن، ئۇ ھەر دائىم ھەممە

نەرسىنى تاشقىرىدىن، تاسادىپىيدىن كۈتىدۇ.
ۋ.گ.بېلىنىسكىي

مەۋجۇتلۇقنىڭ باش بەلگىسى ئەمگەك ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ ئې-
نىق سۈپىتى پائالىيەتتۇر.
ن.گ.چېرنىشېۋىسكىي

ئىشچانلىقنىڭ مۇكاپاتى ئۆز بىلەن. ھەرىكەت قىلىش، ئىجاد
قىلىش، ۋەزىيەت بىلەن كۈرەشكە كىرىشىش، ئۇنى يېڭىش ياكى
ئۆزىنى يېڭىلگەن ھېس قىلىش، مانا، خۇشاللىق ئەنە شۇ. ئىند-
سانىنىڭ پۈتۈن ساق ـ سالامەتلىكىمۇ مانا شۇنىڭدا!
ئې.زولا

مۇبادا ھەددىدىن تاشقىرى بىلەرمەنلىككە بېرىلىپ، بىرىنچى
قېتىمدىلا بەك كۆپ قوشۇمچە مەلۇماتلار، پىكىر بىلدۈرۈشتە ئە-
قىل كۈچى ۋە ھايات تەجرىبىسى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشتا ئۆز
كۈچىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان ئادەم، ئەڭ نوپۇزلۇق ئىستېداد
ئىگىسى بولسىمۇ، ئاسانلا ئۆزىنى شەرمەندە قىلىپ قويىدۇ.
ن.ئى.پىساگوف



چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ئاۋۋال نەزەردە تۇتۇلغان ۋە پۇختا ئويلانغان
ھېسابسىز ئۇششاق ـ چۈششەكلەردىن تەشكىل تاپىدۇ.
ۋ.ئو.چېرنىشېۋىسكىي

ئىنسان پائالىيىتى ئەگەر يۈكسەك غايە بىلەن سۇغىرىلماي-
دىغان بولسا، نەتىجىسىز ۋە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.
ف.شىللېر

www.uyghurkitap.com

ھېچ نەرسە ھاياتنى بىردىنبىر مەقسەتكە قارىتىلغان پائالىيەتتەك زوقلىنارلىق قىلالمايدۇ.

ف.شىللېر

مەقسەت ئېنىق بولمىسا، ھېچبىر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلغىلى بولمايدۇ.

ئا.س.ماكارېنكو

ئەڭ ھالاكەتلىك خاتالىقلىرىمىزدىن بىرى، ناچار ئىشلەپ ياخشى ئىشنىمۇ بەربات قىلىشىمىزدۇر.

ئۇ.پېنن

كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بىلىم بىلەن شۇ دەرىجىدە ئىشچانلىقمۇ كېرەك.

پ.بومارشې

پائالىيەتچان ئادەملەر ئادەتتە ئامەتلىك بولىدۇ. ئەكسىچە، قىلىدىغان ئىشلىرىنى ھەدەپ ئويلاۋېرىدىغان ۋە سۇسلۇق قىلىدىغانلارغا ئامەت ناھايىتى كەم نېسىپ بولىدۇ.

كېرۇدات

بىرەر ئىشنى ئورۇندىيالمايمەن دەپ كۆڭلىڭىزدىن كەچۈردىڭىزمۇ؟ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سىز ئۈچۈن غايەت مۈشكۈل بولۇپ قالىدۇ.

ب.سپىنوزا

ھەربىر ئادەمگە مۇئەييەن بىر پائالىيەت تۈرى ھەمراھ بولىدۇ، بۇ پائالىيەت ئۇنى جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ ۋە ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ.

م.باررىس

بىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىمىز ئۆز نىشانىمىز ۋە ئېتىبارىمىزنى يىراق ئۇپۇقلاردىكى نەرسىلەرگە قارىتىشتا ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە ئۆزىمىزگە يېقىن بولغان ئىشلارنى ئورۇنداشتۇر.

ت.كارلېيل

ئىككىلىنىش، كۈچنى يوقىتىش دېمەكتۇر.

ئو.بالزاك

ئىشنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشى لازىم. ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنى باشقا ھېچ نەرسىدە كۆرسىتەلمەيدۇ.

ئى.گيوتى

ئۇتتۇق كۆپىنچە دادىل ھەرىكەت قىلغۇچىلارغا نېسىپ بولىدۇ، جۈرئەتسىز، ھەدەپ ئاقىۋەتنى ئويلاۋېرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى تەتۈرىگە ماڭىدۇ.

ژ.نېھرو

بىزنىڭ ئاساسىي كەمچىلىكىمىز شۇكى، بىز ئىشتىن كۆرە كۆپرەك مۇھاكىمە قىلىشقا بېرىلىپ كېتىمىز.

ژ.نېھرو



ئارزۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەس، ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

ئى.گيوتى

ئىش پىكىر ئۈچۈن ئەمەس، پىكىر ئىش ئۈچۈن يارالغان.

ف.ۋولتېر

ئادەملەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتى پىكىرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرجىمانىدۇر.

ژ.لوكك

ئىشنى سۆزگە ئايلاندۇرغانغا قارىغاندا، سۆزنى ئىشقا ئايلاندۇرۇش خېلى قىيىن.

م.گوركىي

سۆز ھەمىشە ئىشقا نىسبەتەن باتۇرراق بولىدۇ.

ف.شىللېر

كۆپىنچە شۇنداق بولىدۇكى، كېرەكلىك ئىشنى قىلىشنى خالىمىغان ئادەم ھەيۋەتلىك سۆزلەر بىلەن نىقابلىنىدۇ.

ن.ك.كروپىسكايا

كىمكى، يېشى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ، ئىش ئورنىدا گەپ ساتسا، ئۇ ئىنسان دەپ ئاتىلىشقا ھەقلىق ئەمەس.

يا.كومېنىسكىي

سۆھبەت ۋە سۆزلەرمۇ كېرەك. لېكىن، ئۇلار مۇقەددىمە،

خالاس. ھاياتنىڭ نەق مەنىسى ئەمگەكتە. سۆزدىن ئىشقا ئۆتۈشتە. ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى بىلىشتۇر.

د.ئى.مېندېلېيېف

ھەرىكەت —نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ جانلىق بىرىكىشىدۇر.

ئارەستۇ

ھەقىقىي ھەرىكەتنىڭ ھەربىر قەدىمى، دۆزە - دۆزە پروگراممىلارغا قارىغاندا مۇھىمراقتۇر.

ك.ماركس

مەنىۋى بايلىقىڭىز قانچىلىك مۇستەھكەم بولسا، پىكرىڭىز، سۆزىڭىز، ئىشىڭىزمۇ ئۆزئارا شۇنچىلىك چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

ن.ئى.پىروگوف

ئۆز ئىشىڭنى تەكشۈرۈپ كۆر. چۈنكى، سۆز سۆزلەنگەن پېتى قېلىپ قالماي، ئىگىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىگە ئايلانغان بولسۇن.

ۋ.ئى.لېنىن



سىياسىي چۇقانلار ئازراق بولسۇن، زىيالىيلارچە مۇھاكىمە قىلىشلار كەمرەك بولسۇن. تۇرمۇشقا يېقىنراق تۇرسۇن. ئىشچىلار ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىدا قانداق قىلىپ، ئەمەلدە قانداقتۇر يېڭىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتقانلىقىغا كۆپرەك ئېتىبار

بىرىلسۇن. بۇ يېڭىلىقنىڭ قانچىلىك كوممۇنىستىك روھتا بو-
لۇۋاتقانلىقى كۆپرەك تەكشۈرۈپ كۆرۈلسۇن.

ۋ.ئى.لېنىن

ھەيكەلنى كۆرۈنۈشى، ئادەمنى بولسا قىلغان ئىشلىرى بې-
زەيدۇ.

پىفاگور

ئۆزۈڭنى ئايىما، بۇ يەر يۈزىدىكى ئەڭ مەرد، ئەڭ گۈزەل دا-
نىشمەنلىكتۇر. ياشىسۇن ئۆزىنى ئايىمايدىغان ئىنسان!

م.گوركىي

ئەتە نېمە ئىش قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بەختسىزدۇر.

م.گوركىي

ئىشلىرىڭنى چاپسان ئورۇندا، يەر يۈزىدە تېخى قىلىنمىغان
ئىشلار كۆپ.

ك.تىستكىن

ئىنسان ئۆز كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا، كەچتە
ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈن توختىشى كېرەك. توختاپ قالغان ھايات
بولسا، ئۆلۈم بىلەن باراۋەر.

ر.روللان

گەر پائالىلىق كۆرسەتمىسىڭىز،
نى نەپ ئەقىل خەزىنىسىدىن.

ش.روستاۋېلى

ئەتىگەن ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئۆزۈڭدىن «نېمە ئىش قىلىشىم كې-
رەك؟» كەچقۇرۇن يېتىشتىن بۇرۇن «نېمە ئىش قىلدىم؟» دەپ سورا.
پىفاگور

ھەربىر ئادەم ئاساسەن قولىدىن كېلىدىغان ۋە ئۆزىگە يارد-
شىدىغان ئىشقا تۇتۇنۇشى كېرەك.
ئارەستۇ

قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا يۈرەك ـ باغرىڭىزنى قوشۇڭ. لېكىن،
ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پايدىلىق ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل
قىلىڭ.
ژ.رىسكىن

ئۆزىڭىزدىن «جىددىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەنمۇ ياكى
بولمىغۇر ئىش بىلەنمۇ؟» دەپ سورىسىڭىز ھېچقاچان كېچىكمەي-
سىز.
ئا.پ.چېخوپ

ئادەم ئۆزىنىڭ جىسمانىي ھاياتىدا ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا
قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا قول سالماسلىقى كېرەك.
ن.شامفور

ھەممە ئىشنى بىر يولىلا ئورۇنداشقا ئۇرۇنۇش — ھېچ نەرسە
قىلماسلىققا تەڭ.
گ.لېختېنبېرگ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھېلى ئۇ ئىشقا، ھېلى بۇ ئىشقا ئۇرۇنۇش — ئۆز ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىش دېمەكتۇر.

ش.گونو

ئىشتا ئالدىراش كۆپ تېيىلار،
كۆپ تېيىلغان كۆپ يىقىلار.

ئە.نەۋائى

قولىدىن كېلىدىغان ئىشقا ئەمەس، ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ئىشقا قول سالغان كىشى بەختسىزدۇر.

ئى.گيوتى

مادارىڭ يەتمىگەن ئىشقا ئۇرۇنۇش بىمەنىلىكتۇر.

ن.گ.چېرنىشېۋىسكىي

ئىقتىدارىڭ يەتمىگەن ئىشنى قىلما،
سەۋەبسىز ئۆزۈڭنى دانىشمەن بىلمە.

ن.خىسراۋ



ئىش — قەيسەر ۋە كۈچلۈك ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ئۇنى ئۇستىلىق بىلەن باشقۇرۇش كېرەك. نوختىسىنى ياخشى تۇتمىساڭ، سېنى يىقىپ قويىدۇ.

م.گوركىي

ئەگەر سەن بىرەر ئىشنى قىلىۋاتقان بولساڭ ياخشى قىل،

ئەگەر قولۇڭدىن كەلمىسە، ياكى قىلىشنى خالىمىساڭ، ياخشىسى يىغىشتۇرۇپ قوي.

ل.ن.تولىستوي

... شەخسىي نېمە ئىش قىلىۋاتقىنى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشنى قانداق قىلىۋاتقىنى بىلەنمۇ خاراكتېرلىنىدۇ...

ف.ئېنگېلس

ئىككى قېتىم قىلىنغان ئىش — دېمەك، پۇختا قىلىنغان بولىدۇ.

ژ.خاۋېلل

ئون ھەسسە كۆپ ئىش قىلغانغا قارىغاندا، بىر ئىشنى ھەقىدادىغا يەتكۈزگەن ياخشى.

ئارەستۇ

ئىش ئىشتىياق بىلەن ئورۇندالغان تەقدىردىلا، ئۇنى ياخشى ھېسابلاش مۇمكىن.

ژ.رېسكىن



ھەرقانداق ئىشنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى سۆيۈش كېرەك.

م.گوركىي

ھەقىقىي زوق ۋە مېھىر بولمىسا، ھېچبىر ئىش يۇرۇشمەيدۇ.

ئى.پ.پاۋلوف

ھەممە ئىشتا ئەڭ قىيىن بولىدىغىنى — باشلىۋېلىشتۇر.

ژ.ژ.روسسو

ئىشنى باشلىۋالساڭ، يېرىمىنى تۈگەتتىم دەۋە.

پلاتون

ئىشنىڭ بېشى — ئىشنىڭ يېرىمىدىنمۇ كۆپرەك.

ئارەستو

ھەرقانداق ئالىيجاناب ئىشمۇ ئەڭ ئاۋۋال ناھايىتى مۇشكۇلدەك بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

ت.كارلېيل

ھېچقانداق چوڭ قىيىنچىلىق بولمىغان چوڭ ئىش يوق.

ف.ۋولتېر

مۇشەققىتى بولمىغان، ئەقىل ۋە ئىرادىنى ياخشى سەپەرۋەر قىلمىغان ئىش ياكى مەشغۇلات ئىنسانغا مەنسۇپ ئەمەس.

ئۇ.چەنىنگ

ياخشى ئىشنى قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئىشلىسەڭ، قىيىنچىلىق ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياخشىلىق قالىدۇ. زوق بولسىمۇ يامان ئىش قىلساڭ، زوق ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ يۇ يامىنى قالىدۇ.

م.ۋ.لومونوسوف

ھېچقانداق ئىشقا داغدۇغا بىلەن كىرىشمەسلىك كېرەك. تەن-

تەنە ئىش تاماملانغاندا يارىشىدۇ.

ئى.گيوتى

ئىشنى نەتىجىسىگە قاراپ باھالا.

ئوۋددي

بىرىنچىدىن، ھېچبىر ئىشنى سەۋەبسىز، مەقسەتسىز قىلما. ئىككىنچىدىن، جەمئىيەتكە پايدىسى يوق ھېچبىر ئىشنى قىلما.

م.ئاۋرېلىي

ئىشنى ئۇنىڭ مەقسىتى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. بۈيۈك مەقسەتكە قارىتىلغان ئىش — بۈيۈك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئا.پ.چېخوف

نېمە قىلىشىڭنى ئالدىن بىلسەڭ، بۇ ساڭا دادىللىق بەخش ئېتىدۇ، ئىشىڭ ئاسانلىشىدۇ.

د.ددىدېرو

ماھىيىتى نامەلۇم ئىش قىزىقىشنى يوقىتىدۇ.

ژ.فابر

خالىغان ھەممە ئىشىڭىزنى قىلالمىغىنىڭىزدىن كېيىن، قولىڭىزدىن كېلىدىغانىنىڭ پەيدا بولۇڭ.

تېرېنتىي



ئەگەر كىشى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى ئىشقا قول سالسا، ئۇلاردىن بىرى سۆزسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ئىزوپ

www.uyghurkitap.com

ھەر قېتىم قىيىن ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ھېچبىر ئالدى-رىما، ئىشقا بېقىپ، ۋاقىتنى قويۇپ بەر، قىيىن ئىشقا كىرىشىشتىن ئويلىماي كۆڭلەپ قەدەم باسما، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا ياخشى سەپەرۋەر قىل.

ئى.پو.پاۋلوف

ئەقىللىق ئادەم بەزىدە ئالدىرىسىمۇ، ئەمما ھەرگىز ئالدىراپ ئىش قىلمايدۇ.

پ.چېستېرفىلد

ئورۇنسىز كۆچەنمە.

فىردەۋسي

ئارتۇقچە ئالدىراڭغۇلۇقمۇ خۇددى مىس-مىسلەر ئۇچرايدى-غان يامان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كېلىدۇ.

ۋ.شېكىسپېر

ھەر كىمكى ئويلانمىسا ئالدىراشنى خىيال،
ياپراقنى يىپەك قىلار، چېچەك بەرگىن بال.

ئە.نەۋائى

ئالدىراپ قىلىنغان ئىشنىڭ ئۆمرى قىسقا.

سەئدى

كېيىن كۆپ ئىش قىلىش ئۈچۈن كۆچىڭىزنى ئاياپ سەرپ

قىلىڭ، لېكىن چالا ئىش قىلىشتىن ئۆزىڭىزنى ئاياڭ.

د.ژ.روسسو

ھەربىر ئىشتا ئەڭ مۇھىمى، ئىشلىگۈڭىز كەلمەي قالغان ۋاقىتنى يېڭىلىۋېلىشىڭىزدۇر.

ئى.پ.پاۋلوف

بەخت خالىغان ئىشىڭنى خالىغان چېغىڭدا قىلالىشىڭ ئەمەس، بەلكى قىلىۋاتقان ئىشىڭنى ھەمىشە سۆيۈپ تۇرۇشۇڭدۇر.

ل.ن.تولستوي

زۆرۈرىيىتى كەلگەندە، چارىسىزلىقتىن تەمتىرەپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى ياكى كۈن ئارىلاپ، خالىمىغان ئىشىڭنى قىلىشقىمۇ ئۆزۈڭنى مەجبۇر قىل.

ئو.جېمس

ياخشى ئىشنىڭ ئاخىرىغا يەتكۈزۈلۈشى — ئۇنىڭ مۇكاپاتى شۇدۇر.

ر.ئېمېرسون



ئىشقا سالماقلىق بىلەن كىرىش، لېكىن باشلىغىنىڭدىن كېيىن ئۇنى چىڭ تۇت.

بىئاس

ھەر كىم ئۆز ئىشىدا ئۇلۇغۋار بولۇشى كېرەك.

ب.گراسئەن

www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق بۈيۈك ئىش ئەڭ ئاۋۋال كۆز - كۆز قىلىنماستىن كەمتەرلىك بىلەن ئاددىيغىنە بىر شارائىتتا قىلىنىدۇ. ھەيۋە ۋە سۆلەتۋازلىق بىلەن يەر ھەيدىگىلىمۇ، ئىمارەت سالغىلىمۇ، پادا باققىلىمۇ بولمايدۇ، ھەتتا پىكىر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇلۇغۋار، ھەقىقىي ئىشلار ھەمىشە ئاددىي ۋە كەمتەرانىدۇر.

ل.ن.تولستوي

ئىككىلىنىپ تۇرغان چېغىڭدا چاپسان ھەرىكەت قىل ۋە ئو- شۇقچە بولسىمۇ بىرىنچى قەدەمنى بېسىشقا ئۇرۇن.

ل.ن.تولستوي

يېرىم يولدا ئىشنى چالا تاشلاپ، «بۇنىڭدا نېمە چىقىدىكەن» دەپ بىر چەتتە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان ئادەم تەنتەك ئادەمدۇر.

ف.شىللېر

بۈيۈك ئادەملەر ھېچ نەرسىنى چالا قالدۇرۇشمايدۇ.

خ.ۋىلوند

ئىشلىرىڭىز نەتىجىسىگە باشقىلار باھا بېرىدۇ. پەقەت قىل- بىڭىزنىڭ تازا ۋە ھالال بولۇشىغا ھەرىكەت قىلىڭ.

ژ.رېسكىن

ئەڭ زور راھەت باشقىلارنىڭ نەزىرىدە سىز ئورۇندالمايدىغان ئىشنى ئورۇندىشىڭىزدۇر.

ئۇ.بېژوت

قىلغان ئىشلىرىڭ قېرىغىنىڭدا ئىشلەپ يۈرۈشكە ئەرزىيدىغان بولسۇن.

م.ئاۋرېلىي

مۇۋەپپەقىيەتنى ئادەم ھاياتتا ئىگە بولغان مەۋقە بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ قانداق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ چىققىنى بىلەن ئۆلچەش كېرەك.

ب.ۋاشىنگتون

يېڭىپ چىققان توسقۇنلۇقلار يىغىندىسىلا جاسارەتكە ۋە بۇ جاسارەتنى كۆرسەتكەن ئىنسانغا ھەقىقىي توغرا ئۆلچەم بولالايدۇ.

س.تىسۋېگ

قابىلىيەتلىك ۋە ئەمگەك سۆيىدىغان ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق توسالغۇ يوق.

ل.بېتخوۋېن

ئەمگەك بىلەن ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ج.برونو



ئىنزچىل ئەمگەك ھەممە توسقۇنلۇقلارنى يېڭىدۇ.

م.ۋ.لومونوسوف

ھەر قانداق توسقۇنلۇق قەتئىيەت بىلەن بويسۇندۇرۇلىدۇ.

لېئوناردوداۋىنچى

قەتئىيەتلىك —مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كاپالىتى.

ئى.ئى.دمترىيېف

سەۋر - تاقەتكە قادىر كىشى خالىغان نەرسىسگە ئېرىشىشكىمۇ قادىر.

ب.فرانكلىن

كىچىك ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەن كىشىنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشمۇ كەلمەيدۇ.

م.ۋ.لومونوسوف

كىمكى ئاستا ۋە ئالدىرىماي ماڭسا، ھەرقانچە مەنزىلمۇ ئۇنىڭغا يىراقلىق قىلمايدۇ. كىمكى سەپەرگە چىدام بىلەن تەييارلانسا، ئۇ سۆزسىز مەقسەتكە يېتىدۇ.

ج.لابرىيويېر

قانداق ھادىسە روي بەرمىسۇن بىز سەۋر ۋە ئىرادە بىلەن ھەممىسىنى يېڭىمىز.

ۋېرگىلىي



سەۋر بىلەن كۈتكەنلەرگە ھەممە نەرسە كېلىدۇ.

ئو.بالزاك

سەۋر ئاچچىق، لېكىن مېۋىسى تاتلىق.

ژ.ژ.روسسو

قەتئىيەت پېشانە شورىنى يۇيىدۇ.

گ.فلوبېر

سەۋر ـ تاقەت بىلەن بىز كۈچ ئارقىلىق ئىگە بولغىنىمىزغا قارىغاندا، تېخىمۇ كۆپرەك نەرسىگە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن.

ئى.بېرك

گىياھ ئۇنمەس باياۋان شورلۇق ھەم تۇپراق،
گۈلزارغا ئايلىنار، سەۋر قىلسا ئادەم.

گۈلخانى

سەۋر بىلەن ئىش پۈتەر، سەۋرسىزلەر ئۆز ئايىغىدىن كېتەر.

سەئدى

ئەمگەكنىڭ نېمىتىنى چۈشىنىش ئەڭ زور لەززەتلەردىن بىرىدۇر.

ل.ۋاۋېنارگ

ئەمگەك ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ خۇسۇسىيىتى خىلمۇخىل بولسىمۇ، بەرىبىر ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل تەبىئىي باغلىنىش مەۋجۇت.

ت.لىۋي

راھەتنىڭ ئاتىسى ئومۇمەن ئەمگەكتۇر.

ف.ۋولتېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمگەك ئاددىي كۆنلەرنىمۇ بايرامغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

پ.راپسىس

پەقەت ئەمگەكلا ئادەمنىڭ قەلبىگە تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ھەمدە ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەت تۇيغۇسىنى ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى بەختىيار قىلىدۇ.

ۋ.گ.بېلىنسكىي

ھاياتتىكى ئەڭ ئاساسلىق مۆجىزە ئەمگەكتۇر. بارلىق بالا ـ قازالاردىن، ھەممە قىيىنچىلىقلاردىن پەقەت بىرلا يول ئارقىلىق — ئەمگەك ئارقىلىق قۇتۇلۇش مۇمكىن.

ئې.ھېمڭۋاي

دۇنيادىكى ھەممە شادلىق، ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسى ئەمگەكتۇر.

م.گوركىي

پەقەت ئىچكى، مەنىۋى، ئارامبەخش ئەمگەك كۈچىلا ئىنسان قەدىر ـ قىممىتىنىڭ، شۇنىڭ بىلەن ئەخلاقىي پاكلىق ۋە بەخت ـ يارلىقىنىڭ مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ك.د.ئۇشىنسكىي

پەقەت ئەمگەك، قەتئىي، ئەستايىدىل قىلىنغان ئەمگەكلا ئادەمگە مەنىۋى سالامەتلىك بېغىشلايدۇ.

ئا.ئى.گېرتسېن

ئىشتىن بىردەممۇ بوشىمىغان سائەتلىرىڭدە ئۆزۈڭنى غايەت بەختلىك ھېس قىلىسەن.

ژ.فابر

ئادەم ئاخىرىغىچە جىددىي ئەمگەك قىلمىسا، يەنى ئۆزى يەيدىغان ھەربىر پارچە ناننى ئۆزى ئىشلەپ تاپمىسا، ئۇ بەختلىك بولالمايدۇ.

د.ئى.پىسسارېف

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان گۇمراھلىقلاردىن بىرى— ئىنسان بەختى ئۇنىڭ ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىدا دەپ چۈشىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

ل.ن.تولستوي

بەختنىڭ ئەڭ زۆرۈر شەرتى ئەمگەكتۇر. يەنى بىرىنچىدىن، سۆيۈملۈك ۋە ئازاد ئەمگەكتۇر، ئىككىنچىدىن، ئىشتىها ئاچىدىغان ۋە قاتتىق، قاندۇرۇپ ئۇخلىتىدىغان جىسمانىي ئەمگەكتۇر.

ل.ن.تولستوي



ئەمگەك، ئەمگەك!... ئەمگەك قىلىۋاتقىنىمدا ئۆزۈمنى ئاجايىپ بەختىيار ھېس قىلىمەن.

ئىزوپ

ئەمگەك مېنىڭ بىرىنچى ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىم.

ۋ.ماتسارت

ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەمگەك قىل.

ژ.ژ.روسسو

جىسمانىي ئەمگەك مەلۇم شارائىتتىلا «پوجاڭزىلارنىڭ شادلىقى»غا ئايلىنىدۇ.

ئى.پ.پاۋلوف

پەقەت ئەمگەكلا ھايات كەيپىنى سۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىدۇ.

ن.ئا.دوبروليوبوف

بەخت —ئەمگەكنى تاكامۇللاشتۇرۇپ بېرىشتا.

يا.راينىس

دالا، دەستىگاھ، ئۇستەل ئۆزرە بولمىسۇن،<br>
تەر تۆكۈش، ئەمگەك — ئەڭ ئالىي شادلىق.<br>
تەندىن قايناق تەر چىققىنى بىلمەستىن،<br>
ئىشلە، تىرىش، ئەمگەكتە بول يالقۇندەك.<br>
ئەمگەك بىلەن دۇنيادىكى ئاۋاتلىق.

ۋ.يا.بريوسوف



ئۆز ئىشىنى بىلەلىگەن ئادەم سائادەتلىكتۇر. ئۇنداق كىشىگە باشقىچە بىر سائادەتنى ئىزلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇنداق كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار. ياشاشتا ئېنىق مەقسىتى بار.

ت.كارلېيل

ئەگەر سىز ئىشنى ئورۇنلۇق تاللاشنى بىلسىڭىز ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى، پۈتۈن قەلبىڭىزنى بەخش ئەتسىڭىز، بەخت ئاخىرى سىزنى ئىزلەپ تاپىدۇ.

ك.د.ئوشىنسكىي

ئۆمۈرۋايەت ئۆزى سۆيگەن ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنسانىنىڭ ئالىي بەختىدۇر.

ۋ.ئى.نېمىروۋىچ ـ داتچېنكو

بەختكە ئەمگەك توغرا يول سالغاي،
باشقا يول بەخت تامان ئېلىپ بارمىغاي.

ئا.شۇكۇر

دائىملىق، ئىزچىل ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىش، تۇرمۇشتىكى باشقا ھەرقانداق نەرسىلەرنى تەرتىپكە سالىدۇ. بارلىق نەرسە شۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

ئە.دېلەكروئا

ئەمگەك قىلغان ۋە سەۋر قىلغان—
كىشىگە ئاشنادۇر چىن بەختيارلىق.

ئى.گيوتى

جىسمانىي ئەمگەك روھىي ئازابلارنى ئۇنتۇشقا ياردەم بېرىدۇ.
ف.لاروشفېك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

كۆڭلۈك غەش بولسا ئىشلە، بۇ غەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر-دىنبىر ۋاستىسىدۇر. روھىي ئازابقا قالماسلىق ئۈچۈن ئىشلە. ئىشتىن باشقا ھەرقانداق نەرسە بۇ غەمناك ئالەمدىن خالاس قىلال-مايدۇ. ئامىتىڭ كەلگەندىمۇ ئىشلەۋەر. گىدىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق دورا ـ دەرمەك يوق.

ئى.بېخىر

ھالاۋەتكە قارىغاندا قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئىش كۆڭۈل-لۈكرەكتۇر.

دېموكرىت

دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈن مۇناسىپ ئىش تاپالمىغان ئادەم ئەڭ بەختسىز ئادەمدۇر.

ت.كارلېيل

ئىش قىلالايدىغان، لېكىن ئۆزىگە ئىش تاپالمىغان ئادەم، يەر يۈزىدە بەختىنىڭ ھەممە كىشىگە تەڭ تەقسىم قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسەتكۈچى ئەڭ خاموش قىياپەتتۇر.

ت.كارلېيل

كوممۇنىزمدا، ئەڭ تۆۋەن قىلمىشلار ئۈچۈن ئەمگەكتىن چەتلىتىپ قويۇشتىنمۇ ئېغىرراق جازا بولمايدۇ.

ل.م.لېۋنوف

ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ئۇنىڭ ئۆز

ھاياتىدۇر. ھايات ھەر تەرەپلىمە، ئۈزلۈكسىز ئەمگەك ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىدۇ. ئىنساننىڭ ئەمگىكى توختىسا، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ توختايدۇ.

گ.م.كىرژىژانوۋىسكىي

ئەمگەك سۆيەر قەلب ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم. چۈنكى، بەدەنگە تەنتەربىيە زۆرۈر بولغىنىدەك، ئۈزلۈكسىز قىلىنغان مەشىق قەلبكە ھايات بەخش تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئا.ۋ.سوۋوروف

بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئاقىلانە پرىنسىپى ئەمگەكتۇر. ئادەمنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئىشلىشى كېرەك.

ئا.ئا.بوگومىلېتسىي

ئۆمرۈم بويى ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەنمەن ۋە ياخشى كۆرىمەن. بولۇپمۇ جىسمانىي ئەمگەكنى كۆپرەك ياخشى كۆرىمەن... ئالىي نېرۋا پائالىيىتى بۇزۇلغان چاغدا، جىسمانىي ئەمگەكتىنمۇ ئۆتكۈر، داۋالاش رولىنى ئوينايدىغان دورا يوقتۇر.

ئى.پ.پاۋلوف



توغرا ياشاش ئىشلەش دېمەكتۇر. ماشىنا ئىشلىتىلمەي تۇرۇپ قالسا، ئۇنى دات باسىدۇ.

ژ.فابر

ئىشلەپ تۇرغان ئادەم قىرانلىقىنى يوقاتمايدۇ. بۇ ھال ماڭا

شۇنداق تۇيۇلىدۇكى، ئېھتىمال ئەمگەك قانداقتۇر ھايات قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدىغان مەخسۇس ئامىللارنى مەيدانغا كەلتۈرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ت.ن.بوردېنكو

ئەمگەك يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈش سەنئىتىنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى.

م.شېۋرېل

ئۇزاق ئۆمۈرنىڭ سىرى ئەمگەكتە.

س.ن.سېرگىيېف - تسېنسكي

ئەمگەك —ئۆمۈر چىرىغىغا ياغ قۇيۇپ تۇرغۇچىدۇر.

ج.بېللېردس

بىرەر ھۈنۈننىڭ ئۇزاق ياشىغىنى ھەققىدە ھېچقانداق دەلىل يوق.

خ.گوفېلاند

ھۈرۈنلۈق بىلەن ساق - سالامەت ياشاشنى كۆزلىگەن ئادەم جىم تۇرۇۋېلىپ ئاۋاز مەشقى ئېلىپ بارماقچى بولغان نادانغا ئوخشايدۇ.

پلوتارخ

ھېچقانداق نەرسە، ئۇزاق ۋاقىت جىسمانىي ئەمگەك قىلماسلىقتەك ئادەم ماغدۇرىنى يوقىتالمايدۇ ۋە ئۇنى نابۇت قىلالمايدۇ.

ئارەستۇ

دۇنيادا ھەرىكەتسىزلىكتىنمۇ ئارتۇق ھالاكەت ۋە تاقەت قى-لىپ تۇرغىلى بولمايدىغان نەرسە يوق.

ئا.ئى.گېرتسېن

ئەمگەك بىلەن جۇلالىنىپ تۇرمىغان كۈچ سۇسلىشىدۇ.

د.ئى.پىسارېف

ئىش قىلماسلىق ھەر دائىم بوشاڭلىقنى پەيدا قىلىدۇ. بو-شاڭلىقتىن ئاجىزلىق كېلىپ چىقىدۇ.

ئاپولېي

بىكارچىلىق ۋە ئەيش ـ ئىشرەت بىر تەرەپتىن نادانلىققا ئې-لىپ كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغىمۇ سەۋەب بولىدۇ.

ئىبن سىنا

ئەيش ـ ئىشرەت ۋە بىكارچىلىقتىن بۇزۇقلۇق، كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەقىلنىڭ بىرەر نەرسىگە ئىنت-تىلىشى سالامەتلىكنى ئۇزلۇكسىز مۇستەھكەملەيدۇ. تېتىكلىكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

ھىپپوكرات

ئەمگەك ئاچارچىلىقنىڭ داۋاسى، ئاشقازاننىڭ مەلھىمى، ساق ـ سالامەت بولۇشنىڭ كاپالىتىدۇر.

م.سافىر

ئەڭ ياخشى ئەخلاقىي ۋە ئىستېتىك دورا — ئەمگەكتۇر.

ئا.فرانس

ئەمگەك بارلىق كېسەللىكلەردىن قۇتۇلدۇرغۇچى شىپا— بەخش مەلھەمدۇر.

ن.ئا.ئوستروۋىسكىي

ئەمگەك ئىشتىھانى ئاچقانغا ئوخشاش، ئەمگەكمۇ راھەتكە بولغان تەشنالىقنى ئاشۇرىدۇ.

ف.چېستېرفىلد

ئىشتىياق بىلەن قىلىنغان ئىش دەردنى داۋالايدۇ.

ۋ.شېكىسپېر

ئەمگەك ئىجادىيەتكە ئايلانغان ئورۇندا، تەبىئىيكى ئۆلۈم دەھ- شەتى فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىنمۇ يوقىلىدۇ.

ئا.ن.تولىستوي

مېنىڭچە ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا كەسپى بولىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا كەسپىي روھ بولۇشى كېرەك.

كۇيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

82

ھەرقانداق ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا تىرىشىش بىر- خىل گۈزەل ئەخلاقتۇر.

كۇيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

بۇ جاھاندا ھەر كىشى ئۆز كەسپىنى مەشىق قىلىش ئارقىلىق كامالىغا يېتىدۇ. ئەگەر ئۆز ئىشىغا ئادەتلەنمىسە، ئۇنىڭغا ھەممە ئىش مۇشكۈل بولغۇسىدۇر.

مولال سىدىق يەركەندى

گۆھەرلىرىڭنىڭ كۆپلۈكىدىن ھۈنىرىڭنىڭ كۆپ بولۇشى ياخشىدۇر، ھۈنەرسىز كىشى خۇددى ياپراقسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۇلى ۋە شېخى بولغان بىلەن، سايىسى بولمايدۇ، ھۈنەرسىز كىشى قانچە ئالىي نەسەبلىك ئېسىلزادە بولغىنى بىلەن خالايىق ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئىگە بوالالمايدۇ.

مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

نىيەت ئەمگەك بىلەن بارلىققا كېلىدۇ، ئالتۇن بوتا ئىچىدە ساپ بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

ھۈنەر ئۆگەنمەسلىك ۋە تىرىشماسلىق جاھىللىق ھەم موھ-تاجلىققا رازى بولغانلىق بولىدۇ.

مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

ئىشلىگەنلەر نازۇ نېمەت يەيدۇ، بىكار ئۆتكەنلەر ھەسرەت (يەيدۇ).

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلال خاراباتى



ئىلىم بىر ھۈنەردۇر، مۇشۇ ھۈنەرنى كەسىپ قىلغاندا، دۇن-يانىڭ نېمىتىنى ئۇندۇرگىلى بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلال خاراباتى

ھەسەل نەدە بولسا، ھەرىسىمۇ بىللە بولىدۇ، ھەسەل ئېيىنىشتىن ئاۋۋال ھەرىنىڭ زەھەرىنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئەھمەد يۈكنەكى**

ھەرخىل جىنىستىكى ئادەملەر دۇنياغا تۆرەلگەن ۋە ھاياتمەھەللىسىدە ھەرخىل ماكان تۇتقانىكەن، ئەمگەك قىلىشى، پېشانىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ رىزىق ھاسىل قىلىشى لازىم.

**مۇھەممەد سىدىق بەرشدى**

جاپا شارابى قانچە ئاچچىق بولسىمۇ، ئۇنى ئىچكىن، چۈنكى، تۇز ئاچچىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن تاماقتا تەم كىرگۈزىدۇ.

**مۇھەممەد ئىمىن خىرقتى**

ئىسراپچىلىق ئاپەتتۇر.

**ئېمىر ھۇسەيىن سەبۇرى**

تائامنى ئىسراپ قىلىدىغان ئىشنى تۇتما، داستىخانغا يەتكۇدەك تائام قوي، ئارتۇق قويۇش ئىسراپچىلىق ۋە خارلاش بولىدۇ.

**موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى**

ئويۇن - تاماشىدىن باشقىنى ئۇقمايدىغان ئادەم قارا قورساق كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەم تەييارغا ھەييار بولۇپلا ئولتۇرىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئويۇن - تاماشىسى ئەھمىيەتسىز ئاۋارچىلىقتىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس. ھەر كۈنلۈك خىزمىتىنى ئەستايىدىل بەجا كەلتۈرەلەيدىغان ئادەملا، ئۆزىنىڭ ئويۇن - تاماشىسىدىن تولۇق لەززەت ئالالايدۇ. باشقىلارمۇ بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئويۇن - تاماشىنى

ئەھمىيەتلىك، دەپ قارايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئوغلۇم، چوقۇم ئۆزۈڭ ئىشتىياق باغلىغان ئىش بىلەن مەشغۇل بولغىن. شۇنداق قىلساڭلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسەن. چۈنكى بىرەر ئىشقا ئىشتىياق باغلاش، سەندىكى تۇغما قابىلىيەتلەردىن. ئاشۇ ئىشتىياق ساڭا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ بېرەلەيدۇ. بۇ خىل كۈچ سېنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۇغما قابىلىيىتىڭنى ئىشقا سېلىشىڭغا تۈرتكە بولالايدۇ. دېمەك، ئىشتىياق — ئەڭ ياخشى ئۇستازدۇر.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئىشقا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كىرىشەلىسەڭ، ئۆزۈڭ خۇرسەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشىڭنىڭ ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بىراق، تۇرمۇش تەرتىپسىزلىكى، ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئۇنداق كىشىلەر ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى خىزمەتكە دېگەندەك كىرىشەلمەيدۇ؛ ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا ھەرقانچە تىرىشىپ باقسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنداق كىشىلەر ھەمىشە ئاجىز، سۆرەلمە، سوغۇق كۆرۈنىدۇ. ئادەم ئۇنداق روھسىز بولسا خىزمەتنى قانداقمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولسۇن؟ ئاشۇ خىل مىجەزنى ئايرىلماس ھەمراھ قىلغان ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەش ئۈچۈن قىزغىنلىقنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ساغلام تەنىنىڭ كاپالىتىگە موھتاج. بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىسا، خىزمەتنى قانداقمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولسۇن؟ جىسمانىي جەھەتتىكى ساقسىزلىقنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مانامەن دەپ كۆرۈنۈپلا قالىدۇ. قىسقىسى، مەيلى يېزىقچىلىق قىلمىغىن، مەيلى ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانمىغىن ياكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانمىغىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەن ساپايىڭنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

لورد چېستىرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئادەم ئۆزىگە كۈچ ـ دەرمان توپلاپ، خىزمەتكە كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە يېتۈك زېھنىي قۇۋۋەت بىلەن كىرىشىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ. ناۋادا تەھلىل قىلىپ كۆرسەڭلا ھەرقانداق مەغلۇبىيەتنىڭ ئۇيقۇسىزلىق، بەدەن چېنىقتۇرماسلىق، مەززىسىز ـ تەرتىپسىز تۇرمۇش شۇنداقلا بولۇشىغا كۈن ئۆتكۈزۈشتەك ئورتاق سەۋەبلەر ۋەجىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بايقىيالايسەن.

لورد چېستىرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

سەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، خىزمەتتە ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىشنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولىمەن، دەيدىكەنسەن، ئۇنداقتا چوقۇم روھىڭ كۆتۈرەڭگۈ، زېھنىڭ ئۆتكۈر، تۇرمۇشۇڭ تەرتىپلىك بولۇشى لازىم.

لورد چېستىرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

بۇ دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر كىچە - كۈندۈز توختىماي پالاق-شىيدۇ - يۇ، لېكىن مېڭىپ - مېڭىپ قىردىن ئاشالمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر مۇھىم ئىشلار بىلەن مۇھىم بولمىغان ئىشلارنى، جىددىي ئىشلار بىلەن جىددىي بولمىغان ئىشلارنى ئېنىق ئايرىيالماي، مۇھىم ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا تېگىشلىك زېھنىي ۋە ۋاقىتنى ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل قىلسىلا، دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش بولمىسا كېرەك.

مېنىڭچە، «قىلالمايمەن» دېيىش، ھۇرۇنلارنىڭ كۆرسەتكەن باھانىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئۇششاق ھالقىلاردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىساڭ، سەندە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولمايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئادەم ئۆزى نىشانلىغان ئىشقا پۈتۈن زېھنىنى بېرەلمىسە ھەتتا ئۇنىڭغا ئالا كۆڭۈللۈك قىلسا، بۇنداق ئادەم ھېچنېمىگە كارغا كەلمەي، ئاخىرى ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

نۇرغۇن ئادەملەر ئەتىگەندىن كەچكىچە پالاقلاپ يۈرۈپ ھالى قالمايدۇ - يۇ، لېكىن كەچتە ئۆزىنىڭ بىرەر ئىشنىمۇ تولۇق تاماملىيالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. قابىلىيەتسىز كىشىلەر شۇنداق بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر ھەرقانداق ئىشنى شۇ ئىش يۈز

بەرگەندىن كېيىن ئاندىن بېرىپ پاسسىپ ۋە قالىغۇلارچە بىر تە-
رەپ قىلىدۇ؛ ئاشۇ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولغان-
بولمىغانلىقى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدۇ. شۇ چاغدا يەنە بىر ئىش
يۈز بەرسە، قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ قويۇپ، ھېلىقى ئىشقا چاپىدۇ.
دېمەك، بىر ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ قىلالمايدىغانلار ھەرقانچە چاپ-
سىمۇ قىردىن ئاشالمايدۇ؛ ھېچقانداق ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قى-
لالمايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغانىكەنسەن، ئۇنى چوقۇم
بىر باشقا ئېلىپ چىقىشىڭ، بۇنىڭغا كۆزۈڭ يەتمىسە قىلماسلى-
قىڭ كېرەك. يېرىم - يارتا ئىش قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇڭا،
«قىلىمەن» دېگەن ئىشىڭغا چوقۇم پۈتۈن زېھنىڭنى بەرگىن.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ناۋادا سېنىڭ خىزمەتكە سىڭدۈرگەن قىزغىنلىق ۋە ئەقىل -
پاراسىتىڭ قانچىلىك بولسا، ئۇنىڭدىن ئېرىشىدىغان ھاسىلاتىڭمۇ
شۇنچىلىك بولىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ناۋادا بىر ئادەم خىزمىتىدە ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقنى ئەمەس،
بەلكى ئاجىزلىقىنى ۋاستە قىلسا، ئۇ بىر خىل چۈشكۈنلۈك ۋە
كۆڭۈلسىزلىك ئىچىگە ئەبەدىي غەرق بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئۆ-
زىنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئادەم ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئىشقا سالالىسىلا ئۆز تەق-دىرىنى ئۆزۈل - كېسىل ئىلكىگە ئالالايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەۋ-زەللىكلىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە نامايان قىلالايدۇ. شۇنداق قىلا-لىغان ئادەم ئاجىزلار تۇپەيدىن بۆسۈپ چىقىپ، غالىبلار سېپىگە قېتىلىشقا قادىر بولالايدۇ. ئەكسىچە، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەچكە ھە دېسىلا ئۆزى ئېپى - جېپىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان ئىشلارغا ئاۋارە بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىدىن سۆز ئېچىش تەس. ئەمەلىيەتتە، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ھەم-مىسى ئادەتتىكى كىشىلەر. لېكىن ئاشۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۆزغۇنلاردىن بولۇشنى جۇملىدىن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئىستېداتىنى نامايان قىلىپ، ئىقتىدارى ئارقىلىق باشقىلارنى قايىل قىلىپ، نام - شۆھرەت، مەرتىۋە ۋە بايلىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەپسۇس-لىنارلىق يېرى شۇكى، بۇنداقلار ئىچىدە ئارزۇسىغا يېتەلەيدىغانلار بەكمۇ ئاز.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئىش قىلغاندا قانۇنىيەتكە بويسۇنۇش كېرەك. قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغاندا ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ. قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولمىساق ياكى قانۇنى-يەتكە قارشى ئىش قىلساق، بۇنىڭ نەتىجىسى مەغلۇبىيەتتۇر.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر» دىن

ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار جاپالىق مۇھىتتا ئاندىن رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.

جاپا ـ مۇشەققەت ئادەمگە ئېغىر يۈكنى يۈكلەش بىلەن بىرگە، يەنە شۇ يۈكنى كۆتۈرەلىگۈدەك كۈچمۇ ئاتا قىلىدۇ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

خىزمەت بىلەن ئەمگەك ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، خىزمەت قىلغاندىلا گۈزەل تۇرمۇشقا مۇستەھكەم ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

كېيىنچە ھەسرەتتە قالماي دېسىڭىز، نەزىرىڭىزنى يىراققا تىكىڭ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا باشقىلار ئورنىڭىزنى باسالمايدىغان چاغدا، سىز ئالاھىدە تەمىنات ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىسىز. مانا بۇ باشقىلارغا تايىنىپ ياشاش بىلەن باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاشنىڭ پەرقى.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

دۇنيادا ئەمگەك قىلماي ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە يوق، ئەمگەكچانلىق ئەڭ ياخشى بايلىق.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

ئىشلارنىڭ ئېغىر ـ يېنىكى، ئالدىرىماي قىلىدىغىنى ۋە جىددىي قىلىدىغىنى بار. مۇھىمىنى ئەڭ بۇرۇن قىلىڭ.

جانغا خەۋپ يېتىدىغان چاغدا ئالدى بىلەن ياردەم قىلىش ۋە قۇتقۇزۇش، ئاندىن ئەيىبلەش ۋە تەربىيە بېرىش.

سۆزلەيدىغان چاغدا سۆزلەش، قىلىدىغان چاغدا قىلىش، بىراق پۇرسەت ۋە سورۇنغا قاراش.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلىغاندا، يامان ئاقىۋەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئىشلارنى ئەتراپلىق پىلانلىسىڭىز، تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىسىز.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

بېسىم دېمەك كۈچ دېمەكتۇر. ئادەم ئىش قىلغاندا قوزغالغان كۈچ بىلەن بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭدىكى مەنپەئەت ئۆز تاناسىپ بولىدۇ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

كۆز ئالدىڭىزدىكى مەنپەئەت ۋە ئېزىقتۇرۇشلارغا ئالدانماي، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە كەلگۈسىنى ئويلاڭ.

كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەت ھەقىقەتەن ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. بىراق كەلگۈسىدە ئۇنداق جەلپ قىلالماسلىقى ياكى ئېغىز ئاچقىلى بولماسلىقى مۇمكىن.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

ئادەم ئالدى بىلەن ئادەتتىكى ئىشلارنى ياخشى قىلىپ، ئاندىن چوڭ ئىشلار توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشى كېرەك.

ئىش قىلغاندا بىر تەرەپكىلا قارىماڭ. مۇھىمىغا قاراپ،

ئادەتتىكىسىگە سەل قارىماڭ، يۇقىرىغىمۇ، تۆۋەنگىمۇ ئوخشاش قاراڭ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

ئاكتىپ ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ ئىغىزىدىن قىچىپ، يېنىكىنى تاللايدىغان ئادەمدىن ئەڭ چوڭ پەرقى شۇكى، ئۇلار ھەققى بىلەن ھېسابلاشماي تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشقا رازى بولىدۇ.

ئۆزىڭىزگە بۆلۈنگەن خىزمەتنى ئادا قىلالمىسىڭىز، سىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغىنى ئەجەللىك زەربە ۋە ئازاب بولىدۇ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

زېرەكلىك بىلەن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، خىزمەتنىڭ تەرتىپىنى، ۋاقىتنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە مۇھىم نۇقتىنى تاللاشقا ماھىر بولۇش كېرەك، ئەمما ئورۇنلاشتۇرۇش ھەددىدىن تاشقىرى ئىنچىكە ۋە ئۇششاق بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۇسىتىلىق بىلەن مۇھىم نۇقتىنى تاللاش ۋاقىتنى تېجىگەنلىكتۇر، بىھۇدە ئالدىراش نىشانسىز ئاتقان ئوققا ئوخشايدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

بىر ئىشنى، ئادەتتە، تەييارلىق كۆرۈش، تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ ئىشلەشكە بولىدۇ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كەڭ دائىرىدە پىكىرلىشىش، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، ئەمما تەييارلىق ھەم ئىجرا قىلىشقا ئىمكانقەدەر ئاز، ئەمما ساز ئادەملەرنى قاتناشتۇرۇش كېرەك.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

مەجمۇئە ئىسمى : ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
كىتاب ئىسمى : ھۈنەر ـ كەسىپ ھەققىدە ھېكمەتلەر
پىلانلىغۇچى : مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى : ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر : ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بىلىقىز مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىر : ئامىنە كىچىك
مەسئۇل مۇھەررىر : ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى : قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى : (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ )
تارقاتقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت : شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 880×1230 مم 32/1
باسما تاۋىقى : 3 باسما تاۋاق
خەت سانى : 51 مىڭ خەت
نەشرى : 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى : ISBN 978−7−80744−404−6
باھاسى : 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )